## بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# مەلىكە بەرنا

# 拜尔娜公主

**Melike Berna**




شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社


## تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# مەلىكە بەرنا

# 拜尔娜公主

**Melike Berna**


01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۇلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گول چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھۆرۈن
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۆر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋېتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ



ISBN 978-7-900511-10-2

新疆碧利库特公司开发 شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）

9 787900 511102

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# مەلىكە بەرنا

# 拜尔娜公主

# Melike Berna

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئەللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

www.uyghurkitap.com

بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# مەلىكە بەرنا

# 拜尔娜公主

Melike Berna



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新 疆 电 子 音 像 出 版 社

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊,伊尔夏提(书法家),伊利亚尔(画家)
　　　　　马合木提江(画家)
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىككىمىزدىن باشلاپ بوۋا ـ مومىمىز ۋە ئاتا ـ ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيەلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكتىرون پەن ـ تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان چۆچەكلەردىن

تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» — چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەلىكىلەرنىڭ ھېكايىسى ........................ 1
مەلىكە گۈلرۇز ........................ 4
مەلىكە زىبا چېھرە ........................ 16
مەلىكە بەرنا ........................ 39
ئەقىللىق مەلىكە ........................ 47
شاھزادە بىلەن مەلىكە ........................ 57

www.uyghurkitap.com



# مەلىكىلەرنىڭ ھېكايىسى

مەلىكىلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايە-
تى كەڭ تارقالغان. چۈنكى، مەلىكىلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق
بولۇشى، يىگىت تاللاشتىكى پوزىتسىيەسى، دۈچ كەلگەن پېشكەل-
لىكلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشى، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىششى
ياكى ھالاك بولۇشىدەك ۋەقەلىكلەر ھەرقاچان كىشىلەرنى ھايا-
جانغا سېلىپ تۇرىدۇ. مەلىكىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە يەنە
خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى، ئۆرپ -
ئادەتلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچىمى سىڭدۈرۈلگەن.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسى بىلقۇتجانغا بۇ قېتىم ئەنە شۇ
جەلپكار مەلىكىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردىن بىر تۈركۈم ئېيە-
تىپ بېرىپ، چۆچەك تىلى ئارقىلىق تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە
يەتمەكچى بولغان ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىزدەندى، ئىل-
گىرى ئۆزى بىلىدىغان چۆ-
چەكلەر ئاساسىدا يەنە قىزىد-
قارلىق چۆچەكلەرنىمۇ يىغ-
دى. شۇنداق قىلىپ تەييار-
لىقى تولۇق پۈتتى.



بىلقۇتجان بىرنەچچە



كۇندىن بۇيان ساۋاقداشلىرى بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ، كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇ خۇشال كەيپىياتتا قايتىپ كەلدى ـ دە، بوۋىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بوۋا، مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان راسا قېنىپ ئويناۋالدىم. ئەته يەنە بىر كۈن ۋاقتىم بار ئىدى، ئەمما كۈن بويى ئويناپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمىدىم، يەنىلا سىزنىڭ چۆچەكلىرىڭىزنى ئاڭلاش، هايات، كىشىلەر هەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئېرىشىشنى ئەۋزەل كۆردۈم. بۇنداق ئويلىغىنىم بوپتىمۇ؟

مۆهتەرەم بوۋاي بۇ ئەقىللىق نەۋرىسىنىڭ تاتلىق گەپلىرىگە مەستلىكى كېلىپ:

ــ جېنىم بالام! ئويۇنغا قېنىپ كەلسەڭمۇ مەن ساڭا ئارتۇق گەپ قىلماس ئىدىم، ــ دېدى بىلقۇتجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ ئەمما سەن مېنىڭ چۆچىكىمنى سېغىنىپ، ئاغزىڭدىن هەسەل تامدۇرۇپ كەپسەن، مەن بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيتتىم؟ ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرمەي نېمە ئامالىم بار؟



بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتقان چاق-

چاق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېخىمۇ بەك جىددەل قىلىشقا، بوۋىسىنى سىلىق ـ سىپايە، تاتلىق گەپلىرى بىلەن ئېرىتىشكە باشلىدى.

ــ بوپتۇ جېنىم بالام، ئېيتسام ئېيتىپ بېرەي، ــ دېدى بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن، ــ ئۇنداق بولسا، بۈگۈن ساڭا مەلىكىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ چۆچەكلەر بىر ـ بىرىدىن قىزىق. قۇلاق سېلىپ ئاڭلا جۇمۇ!

ــ ماقۇل بوۋا، جان قۇلىقىم بىلەن ئاڭلايمەن!

مۆھتەرەم بوۋاي ۋەزمىن ئاھاڭدا چۆچەك ئېيتىشقا باشلىدى.



# مەلىكە گۈلرۇز

بۇرۇنقى زاماندا ئادىل شاھ ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن
بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلرۇز ئاتلىق ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن.
گۈلرۇز ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ: قىزىم چوڭ بولۇپ
قالدى، ئۇنىڭ لايىقىنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەك؟ دېگەن خى-
يال بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئويلىمىغاندا، بىر كۈنىنىڭ ئىچى-
دىلا يەتمىش پادىشاھنىڭ ئەلچىسى كەپتۇ. بۇ ھال پادىشاھنى
غەم دەرياسىغا تاشلاپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز تەڭدىشى يوق ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ دادىسى-
نىڭ غەمگە پاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ دادى-
سىغا چىقارتىپتۇ. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن. «دادا، مەن
ئۈچۈن ئۇنچە غەم قىلماڭ، مەن ئۆز لايىقىمنى ئۆزۈم تاللايمەن.
بىر مەسلىھەتىم بار. شۇنى قوبۇل كۆرسىڭىز، پادىشاھلارنىڭ
ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىڭ



ھەم دەرھال ئىش باشلاپ
ئوردىمىزنىڭ ئالدىغا بىر
باغ بىنا قىلدۇرۇڭ، ئۇ جەن-
نەتتىن نىشان بېرىدىغان
باغ بولسۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە

uyghurkitap.com



رەڭگارەڭ گۈللەر پۇرەكلەپ ئېچىلىپ، تۈرلۈك قۇشلار سايرىشىپ تۇرسۇن. باغنىڭ ئالدىغا بىر بىنا ياسىتىڭ. بىنانىڭ ئۈستىگە ناغرىخانا سېلىنىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازلىق ناغرا تەييارلانسۇن، ناغرىنىڭ چوكىسى ئالتۇندىن بولسۇن. ماڭا ئاشىق بولغان يىگىت شۇ ناغرىنى چالسۇن ـ دە، پۈتۈن ئەل ـ جامائەت يىغىلسۇن، شۇ مەيداندا مەن ئۇ يىگىتكە تۆت مىسرا بېيىت ئېيتىمەن. ئۇ ھەر ـ بىر مىسرا بېيىتىمنىڭ مەنىسىگە، قاپىيەسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاب ئېيتالايدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تويلۇقسىز قو ـ بۇل قىلىمەن. ئەگەر جاۋاب ئېيتالمىسا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.»

پادىشاھ قىزىنىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ، بىر ھازا ئويلىنىۋال ـ غاندىن كېيىن يۇرتتىكى ئاتاقلىق باغۋەن، تامچى، ياغاچچى، نەق ـ قاشلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىش باشلاپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەممە نەرسە قىزىنىڭ مەكتۇپىدىكىدەك ئورۇنلىنىپتۇ. ھەممە ئىش تەلەپكە لايىق پۈتكەندىن كېيىن، پادىشاھ قىزىنىڭ مەسلى ـ ھەتى بويىچە قەغەزگە شەرتلەرنى پۈتۈپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاتقۇزۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كەلگەن شائىر يىگىتلەرنىڭ بىرىمۇ مەلىكە گۈلرۇزنىڭ بېيىتىگە جاۋاب ئېيتالماپ ـ تۇ. تۆت يۈز سەكسەن ئالتە كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ.



شۇ كۈنلەردە شەھەرگە

يېقىن بىر يۇرتتا قابىز ئىسمىلىك بىر بوۋاي ياشايدىكەن. بوۋاي مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ.

بوۋاي ناغرىخانىغا چىقىپ ناغرىنى چېلىپتىكەن، جىمىكى يۇرت خەلقى ناغرا مەيدانىغا توپلىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر بوۋاي تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر كىرىپ بۇ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ. مەلىكە گۈلرۇز كېنىزەكلەرگە «قېرى كىشى بىلەن سۆزلىشىشتىن نومۇس قىلىمەن. ئۇنىڭ غەرىزى پۇل ـ مالدا بولسا، قانچىكى تەلەپ قىلسا بېرىپ يولغا سېلىڭلار» دەپتۇ. كېنىزەكلەر چىقىپ:

— ھەي بوۋا، بۇ خىيالدىن ۋاز كەچكىن. بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىنىڭ غەنىيمەت ئەمەسمۇ؟ ئاشىقلىق دەۋاسىنى قويغىن! مەلىكىنىڭ تىغىدا ناھەق ئۆلمىگىن، — دەپتۇ. ئەمما بوۋاي زادىلا ئۇنىماپتۇ.

— ھەي بوۋا! — دەپتۇ كېنىزەكلەر، — ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەلىكىنىڭ ئوردىسىدا بىر رەسسام بار. بىز ساڭا مەلىكىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ بېرەيلى. شۇ رەسىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى خوش قىلىپ يۈرمەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا مال ـ مۈلۈك بېرەيلى.



قابىز بوۋاي مال ـ مۈلۈك، دۇنيانىمۇ ئالماپتۇ. مەلىكىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىنمۇ كېچىپ، سا-

www.uyghurkitap.com



تارنى بوينىغا ئېسىپ رەسمنى قوينىغا سېلىپ، تەركىدۇنيا بو-
لۇپ چىن شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. يول يۈرسمۇ مول يۈرۈپ چىن
شەھىرىگە تەۋە بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. ھېلىقى رەسمنى
ئۇدۇلغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ساتارنى ئېلىپ، غەزەل ئوقۇشقا
باشلاپتۇ. شۇ كۈنى چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانى ئوغلى بەرھەمنى
ئېلىپ شىكارغا چىققان ئىكەن. ئۇلار كېتىۋېتىپ بوۋاينىڭ غە-
زىلىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پادىشاھ: «ھەي دەرىخا، بىز دىۋە ـ پەرى،
جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ماكانىغا كىرىپ قالدۇقمۇ نېمە؟ ئاجايىپ
بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدىغۇ؟» دەپ بۇلاق بويىغا كېلىپتۇ. ساتار چې-
لىپ، غەزەل ئېيتىپ ئولتۇرغان قابىز بوۋاينى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ
ۋە ئوغلى بەرھەم بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەب-
تىن بۇ ياققا كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي مەلىكە گۇل-
رۇزنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى
بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەسمنى كۆرگەن
بەرھەمگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، دادىسىغا «ئوردىغا قايتايلى» دەپ-
تۇ ۋە دادىسىدىن مەلىكىنى ئىزلەپ تېپىش ھەققىدە مەسلىھەت
سوراپتۇ. چىن خاقانى:



ــ ھەي ئوغلۇم، ساڭا
يول جابدۇقى راسلاي، لەش-
كەرلەرنى تەييارلاپ قوشۇن
تارتىپ بارامسەن ياكى سو-
دىگەر سۈپىتىدە بارامسەن
ئۆز ئىختىيارىڭ، ــ دەپتۇ.

بەرھەم:

— ئەي ئاتا، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، قەلەندەر سوپىدىندە بارىمەن، — دەپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپتۇ، شاھزادە گۇلرۇزنىڭ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بەرھەم يەتتە ئاي يول يۈرۈپ، مەلىكە گۇلرۇزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. بەرھەم مەلىكە گۇلرۇزنىڭ چاھار بېغىنى ئارىلاپ، ناغرىخانىغا چىقىپتۇ. تامغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر چەتتە «بۇ ئۆلگەن يىگىتلەر ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەمەس ۋە ياكى ئوغرى، قاراقچىلىق قىلغانمۇ ئەمەس، مەلىكە گۇلرۇزنىڭ ئىشقىدا جان پىدا قىلغان يىگىتلەرنىڭ بېشىدۇر» دېگەن خەت يېزىقلىق تۇرغان، بىر چەتتە تۆت يۈز سەكسەن ئالتە يىگىتنىڭ كېسىلگەن بېشى ئېسىقلىق تۇرغان، بۇنى كۆرگەن بەرھەم: «ئەجەبمۇ كەپتىمەن، كەلمىسەممۇ بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىپتۇ. يەنە ئۆزىگە ـ ئۆزى تەسەللى بېرىپ: يەتتە ئايلىق يولدىن يىگىتلىك دېپىنى چېلىپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە مەزلۇم كىشىلەردەك ئۇنى تاشلاپ، يانسام دۇرۇس بولماس. بەختىم ئوڭ كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، جۈرئەت بىلەن ناغرىنى چېلىپتۇ. جىمىكى يۇرت ئەھلى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توپلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە گۇلرۇز كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپتۇ:



www.uyghurkitap.com



— چىقىپ قاراپ بېقىڭلار! قايسى جېنىدىن تويغان كەلدى-كىن؟

كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، چىرايى شاھزادىگە، كىيىملىرى قەلەندەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر يىگىت تۇرغان. ئۇلار كۆرگەنلىرىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز پەرىشتىلەردەك ياسانغان بەش يۈز كېنىزەكنى ئەگەشتۇرۇپ مەيدانغا يېتىپ كېلىپ:

— ھەي يىگىت! ئىسمى - شەرىپىڭ نېمە؟ كىمنىڭ پەرزەنتى ۋە قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ مېنىڭ قولۇمدا نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن! — دەپتۇ.

— خاقانى چىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن، ئىسمىم بەرھەم، تەربىيىڭىزنى ئاڭلاپ، يەتتە ئايلىق يەردىن پىيادە كەلدىم.

— مېنىڭ ئىشقىمدا كەلگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ مەلىكە، — سىزگە تۆت مىسرا بېيىت ئېيتىمەن. تۆت مىسرا بېيىتىمنىڭ مەنىسىگە، قاپىيەسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرەلىسىڭىز، مېنىڭدىن كۈتكەن تەلىپىڭىزگە يېتىسىز. ئەگەر جاۋاب ئېيتالمىسىڭىز، بېشىڭىز كېسىلىدۇ.



— قېنى، بېيىتلىرىڭىزنى ئېيتىڭ! — دەپتۇ بەرھەم.

بەرھەم مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ئۇچ مىسرا بېيىتىگە قايىل قىلارلىق جاۋاپ بې-

ـرىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە گۇلرۇز ھەيران بولۇپ: «ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، دانىشمەن يىگىت ئىكەن. چىرايىنى كۆرۈپ باقايچۇ» دەپ، چۈمپەردىسىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىغان ئىكەن، بەرھەم مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ ھەمدە مەلىـكىنىڭ تۆتىنچى مىسرا بېيىتىگە جاۋاب ئېيتالماپتۇ.

— جاللات! — دەپتۇ مەلىكە، — بۇ يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئال!

جاللاتلار قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا:

— ھۆرمەتلىك مەلىكە، ئەمرلىرىگە پەرمان بەردارمىز، — دېيىشىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

مەلىكىنىڭ ئېنىكئانىسى:

— ئەي مەلىكەم، ھەر يەردىن كەلگەن قابىل يىگىتلەرنى ئۆلتۈردىڭىز، ھېچ مۇڭگۇز چىقمىدى. بۇ ناھايىتى خۇش پىچىم، كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ گۇناھىنى سىزگە بەرگەن ئاق سۈتۈمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— خەير بوپتۇ، — دەپتۇ مەلىكىمۇ بوشاشقان ھالدا، — سۈت ھەققىنى ئارىغا سالـمىغان بولسىڭىز، بۇ يىـگىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتـمەيتتىم.



بەرھەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا مىڭبىر شۈكۈر ـ

سانالار ئېيتىپ، شەھەردىن چىقىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. پاكلىنىپ، بىر قارا ئاغامچا تېپىپ، بىر ئۇچىنى دەرەخقە چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى بويىنىغا باغلاپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توۋا ـ ئىستىغبار ئوقۇپ، تەڭرىدىن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى تىلەپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نۇرانە بوۋاي پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

— ھە ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، سېنىڭ تىلىكىڭ قوبۇل بولدى، مەن سېنى مەشۇقۇڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ.

بەرھەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەيران بولۇپ قارىسا، ئالدىدا خىزىر تۇرغان ئىكەن. خىزىر بەرھەمنىڭ بويىنىدىكى ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، مەلىكە گۈلرۇزنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. يىگىتنى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ناغرىنى شۇنداق چاپتۇكى، پۈتۈن شەھەر خەلقى «بۇگۈن ئاجايىپ بىر باھادىر پالۋان كەلگەن ئوخشايدۇ. ھېچقاچان ناغرا بۇگۈنكىدەك ئاۋازلىق چېلىنغان ئەمەس. بۇ پالۋانمۇ شۇ رەھىمسىز زالىم قىزنىڭ قولىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى» دېيىشىپ، ناغرىخانا ئالدىغا جەم بولۇپتۇ.



بۇ چاغدا مەلىكە كېنىزەكلىرىگە:

— چىقىپ قاراپ بېقىڭلار، قايسى جېنىدىن تويغان كەلدىكىن. ناغرىنى ئەجەبمۇ ئاۋازلىق چالدى-

غۇا؟ ـــ دەپتۇ.

كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى قېرى، ئاپ-پاق ساقاللىق بىر كىشى تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر:

ـــ ھەي بوۋا، بۇ كېسىلگەن باشلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاشىق-لىق دەۋاسىنى قويغىن. بۇ ساڭا مۇناسىپ ئەمەس. مەلىكىنىڭ تىغىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىگىن. ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن شائىرلار، قاۋۇل يىگىتلەر مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي جېنىدىن ئايرىلدى، ـــ دېيىشىپتۇ.

ـــ كېنىزەكلەر! مەلىكەڭلەرگە ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگىچە قايتمايمەن! ـــ دەپتۇ خىزىر.

ئەھۋالنى ئۇققان گۈلرۇز تۇزدەك ياسانغان بەش يۈز كېنىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ مەغرۇر ھالدا مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ.

ـــ ھەي قېرى، قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ ئىسمىڭ، نەسەبىڭ كىم؟ نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭ؟ بىھۇدە، نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن، ـــ دەپتۇ ئەرۋاھى ئۇچقان مەلىكە غەزەپلىنىپ،

ـــ پىردەششاۋ قەبىلىسىدىن بولىمەن. ھازىرغىچە يەتتە ئىق-لىمنى كېزىپ، كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك ھېچبىر مەھبۇپ تاپالمى-



دىم، تەرىپ - سۈپىتىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم، ـــ دەپتۇ خىزىر.

ـــ ئۇنداق بولسا، ساڭا شەرتىم شۇكى، ئارىلاشقان پارس، تۈرك بېيىتلىرىنى

www.uyghurkitap.com



ئېيتىمەن. ئۇ بېيىتلەرگە مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلـ-
سەڭ قېرى دېمەستىن ئۆزۈمگە تويلۇقسىز قوبۇل قىلىمەن. ئە-
گەر جاۋاب ئېيتالمىساڭ بېشىڭنى كېسىمەن، — دەپتۇ مەلىكە
گۈلرۇز.

— قېنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ خىزىر. مەلىكە بېيىتنى ئېيـ-
تىپتۇ. خىزىر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ. ئەرەب، پارسچىدا بۇ بې-
يىتلار قاپىيەسى - قاپىيەسىگە، مەنىسى - مەنىسىگە توغرا كەپ-
تۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان مەلىكە گۈلرۇز:

— ھەي قېرى. قېرى كىشى ياش بولماس، گۆش - سەۋزد-
سىز مانتا - پولۇ ئاش بولماس، قېرى كىشى تارتىپ يانى ئوق ئا-
تالماس، ئاتقان ئوقنى نىشانىغا قادالماس، يېنىدا ياتساڭ تاڭ ئات-
قۇچە، سۆزىگە بىر سۆز قوشۇلماس، — دەپتۇ.

— ھەي قىز! مېنىڭدىن ھەزەر قىلماق لازىم ئىدى! — دەپتۇ
خىزىر. مەلىكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چېچىلىپ:

— ھەي بىئەدەپ! ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن. چۆل - با-
ياۋاندا يۈرگەچ قائىدە - يوسۇننى، مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەچ
ھېچنېمىنى بىلمەيسەن. ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيسەن! — دەپ-
تۇ.

— ھەي قىز! — دەپتۇ
خىزىر، — مۇللامەنمۇ
مۇللامەن، كالامۇ رەببەنانى
بىلىمەن. كۆڭلۈمنى كۆ-
چۈرمە. بوۋاڭ تۇركتۇر.



ھەممە ئىلىمنى بىلىمەن. سەن نامىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن.

مەلىكە گۈلرۇز ئويلىنىپ: بۇ كىشى خىزىر بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە:

— بوۋا، ئۆزلىرى خىزىرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، خىزىر بولىمەن، — دەپتۇ خىزىر. مەلىكە گۈلرۇز:

— مەن ئۆزلىرىنى بىلمەي بىئەدەپلىك قىلىپ سالپتىمەن. گۇناھىمدىن ئۆتۈپ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. ئۆزىڭىزگە مۇنۇ بەرھەمنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپتۇ خىزىر ۋە بۇلۇڭدا ئولتۇرغان بەرھەمنى كۆرسىتىپتۇ. مەلىكە «بولىدۇ» دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بولغىچە، خىزىر كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

مەلىكە گۈلرۇز بەرھەمنى ئۆزىگە تويلۇقسىز قوبۇل قىپتۇ. ئادىل شاھمۇ ۋەدىسى بويىچە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقىرىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچىكىنى تۈگىتىپ بىلقۇتجانغا قارىدى. چۆچەك چاقماق تېزلىكىدە ئاخىرلاشقان بولغاچقا، بىلقۇتجان گاڭگىراپ قالغان ئىدى.

— بوۋا، مەن بۇ چۆچەكتىكى مەلىكە گۈلرۇزنىڭ ۋەقەسىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدىم، — دېدى ئۇ، — چۈنكى، ئۇنىڭدا ۋاي دېگۈدەك ۋەقەلىك يوق ئىكەن. ئەمما مېنىڭ بىر چۈشىنەلمىگەن

يېرىم بار. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ چۆچەكتىكى خىزىر بوۋاي. مۇشۇ هەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ تازا جان يېرىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى بايقاپ ھاياجانلىنىپ كەتتى:

— دەل جايىدا گەپ قىلدىڭ بالام! — دېدى ئۇ، — ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ناھايىتى بۈيۈك ئىشلارغا بەل باغلاپ چىققان يىگىتلەر يېڭىپ بولغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا، ئۇلارغا چۈشىدە ياكى ئوڭىدا خىزىر يولۇقىدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، خىزىر خەلق ئېتىقادىدىكى بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇ بارا - بارا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى داستان، چۆچەكلەرگە كىرگۈزۈلگەن. خىزىر ئوبرازى قوشۇلغان چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، ئەگرى - بۈگرى، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا بۇ ئوبراز ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەشتە ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

— ھە، ئەمدى بىلدىم بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.



— ئۇنداقتا، يەنە بىر مەلىكە توغرىسىدىكى چۆچەكنى باشلىدىم ئەمىسە! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

# مەلىكە زىبا چېھرە

ئۆتكەن زاماندا، يېقىن تاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتى ئازادە مېھرى ئىكەن، ئۇنىڭ لەشكىرى ساناقسىز، خەزىنىسى ھېسابسىز ۋە شۆھرىتى ئالەمگە پۇر كەتكەنىكەن. سىپاگەرلىكتە، قىلىچۋازلىق، ئوق ئېتىش، نەيزىۋازلىق، ئات چېپىشتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن.

بۇ پادىشاھلىقتا، «سەرۋى ئابات» دېگەن بىر باغ، «خەيرى ئابات» دېگەن بىر ئىمارەت بار ئىكەن. بىر كۈنى ئوردا ئەھلى خەيرى ئاباتتا ئەركان دۆلەت ۋە ئەھىيانە سەلتەنەتلىرى بىلەن ئالىي بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرۇشقاندا، دۆلەت خادىملىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، جاھانغا پاناھسەن، ئۆمۈر ئىقبالىڭ پارلاق بولغاي. بۇ باغۇبوستانغا، بولۇپمۇ ئۇشبۇ خەيرى ئاباتقا بىر دانىشمەن، ھۆسن - لاتاپەتتە يېگانە مەلىكە دەۋران بولسا ياخشى بولاتتى.

بۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئازادە مېھرىگە ماقۇل كەپتۇ.



uyghurkitap.com



ئۇلار كېڭىشىپ بۇ ياخشى ئىشقا قەدەم قويۇپتۇ. ھەر تەرەپ-تىن، ھەر قايسى مەملىكەتلەردىن سۈرۈشتە قىلىشىپتۇ، كۆپلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ئاخىر بىر كۈنى «جەمشىت ئەۋلادىدىن بولغان زىبا چېھرە دېگەن بىر گۈزەل مەلىكە بار ئىكەن، ئادەم نەسلى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر كېلىدىغان گۈزەل بولمىغاي» دېگەن خەۋەر كەپتۇ.

ئازادە مېھرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاشۇ قىزغا ئىختىيارسىز غايىبانە ئىشتىياق باغلاپ، كۆپ ھەدىيە - سوۋ-غىلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بېرىپ كۆرۈپتۇكى، زىبا چېھرەنىڭ گۈزەللىكى خەۋەرچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى نائىلاج قوبۇل قىپتۇ. چۈنكى، زىبا چېھرىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەر-مىسە زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىشىنى بىلىدىكەن.

ئەلچىلەر خۇرسەن بولغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا قۇتلۇق خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ھۆكمىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارغا بۇ ئىزھار قىلىپ، توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. كاتتا توي - مە-



رىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىرى پادىشاھ ئازادە مېھرى ياخشى سائەتتە زىبا چېھرىنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇ سەرۋى ئابات ۋە خەيرى ئاباتنى مە-لىكە زىبا چېھرىگە تەقدىم

قىپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن كۈن
ئۆتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ ھە دېسە شىكارغا چىقىپ، سەھرا سەيلىسى قىلىدى-
كەن، كىچىلىرى سەرۋى ئاباتقا بېرىپ، خەيرى ئابات ئىچىدە مە-
لىكە زىبا چېھرە بىلەن سۆھبەت قۇرىدىكەن، شۇنداق ئەيش ـ
ئىشرەت بىلەن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ئازادە مېھرى پە-
لەك گەردىشىنىڭ ئايلىنىشىدىن، ئالەم خەلقىنىڭ ئەھۋالىدىن
بىخەۋەر قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ خەيرى ئاباتتا مەلىكە زىبا چېھرە بىلەن
بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرغاندا، ئاسماندا بىر توپ غاز پەيدا بوپتۇ. پا-
دىشاھ مەستلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، غازلارغا قارىتىپ ئوقياسى-
دىن ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپتۇ. ئەجىلى يەتكەن ئۈچ غاز ئارقا ـ
ئارقىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ. شاھنىڭ مەغرۇرلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ-
تۇ، خىزمەتچىلەر غازلارنى ئېلىپ، پەيلىرىنى يۇلۇپ تازىلاپ،
تۇرلۇك دورا ـ دەرمانلار بىلەن كاۋاپ قىلىپ، ئۈچ تاۋاقتا سې-
لىپ شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. داستىخان ئەھلى غاز كاۋىپىد-
نى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ تېرد-
ىسگە پاتماي قاپتۇ.



ــ ئەي مەلىكەم، ــ
دەپتۇ پادىشاھ زىبا چېھرد-
گە، ــ بۇ ئابرۇي ساڭا كۇ-
پايە، ئەگەر بىرەر كاسىپقا
تەگكەن بولساڭ، ساڭا مۇن-

www.uyghurkitap.com



چە دۆلەت بولمىغان بولاتتى.

پادىشاھنىڭ سۆزى مەلىكە زىبا چېھرىگە ياقماپتۇ.

— ھەركىمنىڭ ئۆيىدە قەلبى پاك ئايال بولسا، — دەپتۇ مەلىكە پادىشاھقا، — ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ بەرىكىتىدىن شۇ ئۆيدە ئوقنىڭ بىرى توققۇزغا تەگسە ئەجەب ئەمەس. بىراۋنىڭ نەپسىدە يەنە بىراۋنىڭ قەدىمىدە ياكى قولىدا شاراپەت كۆپتۇر.

بۇنى ئاڭلاپ شاھ ئازادە مېھرىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئۇزۇن چاچلىق ئىنسان، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ سۆزلىرىڭدىن مەلۇم بولدىكى، سېنىڭ قەدىمىڭنىڭ بەرىكىتىدىن مېنىڭ ئۈچ ئوقۇم ئۈچ غازغا تەگكەن ئىكەن ـ دە؟ ئەگەر بۇ ئىش سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ماڭا يەتكەن بولسا، بولدى، مەن بۇ دۆلەتتىن بىزار، ئەمدى سېنى نىكاھىمدىن چىقاردىم.

پادىشاھ خوتۇنىنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلىرىگە:

— بۇ بىئەدەپنى قوغلاپ چىقىرىڭلار، نەگە بارسا شۇ يەرگە بارسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.



مەلىكە زىبا چېھرە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىگە چۈمپەردىسىنى تارتىپ، سىرتقا قەدەم قويۇپتۇ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئەي پادىشاھ، سەن

دىن جۇدا بولسام ئۆلمەسمەن، ياراتقۇچى يەنە نىكاھ ۋە رىزقى ـ نېسىۋە ئاتا قىلىدۇ. يادىڭدا بولسۇنكى، ئىككى پۇلغا ئالماس ئو ـ تۇنچىنىڭ نىكاھىغا كىرسەممۇ، تەڭرىنىڭ شاپائىتىدىن ئۇنى سەندىنمۇ ئالىي مەرتىۋىلىك، سەلتەنەتلىك پادىشاھ قىلالايمەن، ــ دەپتۇ.

مەلىكە خەيرى ئابات دەرۋازىسىدىن چىقىپ تەۋەككۇل كەمە ـ رىنى بېلىگە باغلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۆزىنى پاك، پىنھان ساق ـ لىغانلىقى ئۈچۈن ھېچپەرنى كۆرمىگەنىكەن. شۇنداقتىمۇ ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. خەيرى ئاباتتىن چىققان بىر يول سەھرا تە ـ رەپكە بارىدىكەن. ئۇ شۇ يولغا چۈشۈپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر ئەر كىشى ئۇچراپتۇ. مەلىكە قارىسا، ئۆزى ئېيتقان كەمبەغەلدىنمۇ بەتتەر بىر كىشى ئىكەن. قولىدا بىر ئەسكى ئورغاق، توققۇز يەر ـ دە ئۇلىقى بار بىر ئارغامچىدىن باشقا ھېچنەرسىسى كۆرۈنمەپتۇ. مەلىكە باشتىن ـ ئاياغ قاراپ: بەلكىم بۇ ۋىلايەتتە بۇنىڭدىن تۆ ـ ۋەن تۇرىدىغان كىشى بولمىسا كېرەك... دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئوتتۇنچىلىقتىن باشقا ھۈنىرى يوق ناھا ـ يىتى نامرات كىشى ئىكەن. ھەر كۈنلۈكى جاڭگالغا بېرىپ، دۈمـ بىسىدە ئوتۇن يۈدۈپ بازار ـ غا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا ئۇن ئالىدىكەن، ئۇنى قو ـ رۇق سۇغا ئۇماچ چېلىپ يەيدىكەن، پەقەت ياغ ـ گۆش ئىشلەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىر



خوتۇنى ۋە ئىككى باللىسى بار ئىكەن.

مەلىكە زىبا ئوتۇنچى كىشىگە ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ. ئوتۇنچى جاۋاب سالامدىن كېيىن مەلىكىنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قارىۋاپتۇ - دە، ھەيران قاپتۇ. كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يوغان ئېچىپ يە - نە قاراپتۇ.

— ئەي كىشى، — دەپتۇ مەلىكە، — ئېتىڭىز نېمە؟ قايسى شەھەردىن بولىسىز؟ مەھەللىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئەي يېگانە دەۋران، — دەپتۇ ئوتۇنچى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — مېنىڭ ئېتىم ئوتۇنچى سېيىت، بۇ ۋىلايەتتە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى مېنى بىلىدۇ. بىزنىڭ مەھەل - لىنى «نامراتلار مەھەللىسى» دەيدۇ. مېنىڭ بىر خوتۇنۇم، ئىككى ئوغلۇم بار، بىر ئوغلۇمنىڭ ئېتى مىجىت، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ھىمىت.

— ئەي كىشى، — دەپتۇ مەلىكە يېقىملىق ئاھاڭدا، — مەن ئۆزۈمنى سىزگە بېغىشلىدىم. تېزلىك بىلەن ئوتۇنغا بېرىپ، ئو - تۇن ئېلىپ كېلىپ، پۇلىغا ئۇن ئېلىپ ئۆيگە بېرىڭ، باللىرىم ئاچ قالدى.



مەلىكە شەھەر تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ، شەھەر ئىچ - چىگە كىرىپ، ئىزدەپ سوراپ نامراتلار مەھەللىسىنى، ئو - تۇنچى سېيىتنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئۇ يەردىكى كىشى -

لەر ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ ۋە: ئەجەبا، بۇ گۈزەل مەلىكە ئو-تۇنچى سىپىتىنىڭ ئۆيىنى پالاكەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ بەربات قىلـ-مىغىدى، دەپ ئويلىشىپ، بىر خارابە كەپىنى كۆرسىتىپ قويۇپ-تۇ. مەلىكە بېرىپ قارىسا، سىپىتىنىڭ ئۆيى باشقىلار سۈرەتلە-گەندىنمۇ بەتتەررەك بولۇپ، نە ئىشىكى، نە تىمنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. مەلىكە بۇ تۆت تامنىڭ ئىچىگە نەزەر ساپتۇ. يەر يۈزى ئوتتۇز ـ قىرىق يىلدىن بىرى سۈپۈرگە دىدارىنى كۆرمىگەندەك، ھەر خىل ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرگە تولۇپ كەتكەنىكەن. ھوي-لىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرىق بولۇپ، سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن. مەلىكە قارىسا سۇنىڭ بويىدا بىر ئايال ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەنىكەن. مەلىكە: «ئېھ-تىمال بۇ سىپىتىنىڭ جۈپتى بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىپتۇ ۋە ئۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ، قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ، مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق سۆزلەرنى قىپتۇ. رومالىنى ئېلىپ بىر يەردە قويۇپتۇ. كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپتۇ، ئاۋۋال خەس ـ ئەخلەتلەرنى يىغىپتۇ. سۇ چېچىپ ئۆي ئىچىنى سۈپۈرۈپتۇ. ئاندىن ئوچاق بېشى، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپتۇ. سۇ ئىسسىتىپ ھېلىقى ئايالنى پاكىز يۇ-يۇندۇرۇپ، ئۆز تاغىقى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ چىرايلىق ئۆرۈپ قويۇپتۇ. كىيىملىـ-رىنىڭ يىرتىقلىرىنى ياماپ-



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇ.

— ئوغلۇم مىجىت بىلەن ھىممىت نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ زىد-باچېھرە ئايالدىن.

شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئىككى ئوغۇل يىغلاپ كىرىپتۇ.

— ئانا، قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى...!

مەلىكە بۇلارنىڭ مىجىت بىلەن ھىممىت ئىكەنلىكىنى پەھ-لەپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، سەۋر قىلىڭلار، ئاتاڭلار كېلىدىغان ۋاقىت بولدى، — دەپ بالىلارنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى پاكىز تازىلاپ، زوق-لىنىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى ئوتۇنچى سېيىتتىن ئاڭلا.

سېيىت مەلىكىدىن ئايرىلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ھەي ئوتۇنچى، بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشتى. گادايلىقنىڭ ئۈستىگە بۇ جادۇگەر-گە يولۇقتۇڭ، ئەمدى ئۇنىڭ دامىغا بەند بولمىساڭ ياخشى بولات-تى. بۇ سىرنى ئاڭلىغانلار سېنى مەسخىرە قىلار، بەلكىم ئوتۇن-چىلىقتىنمۇ قۇرۇق قالارسەن...» دەپتۇ. ئۇ ئادىتى بويىچە ئوتۇن-نى بازارغا ئېلىپ كېلىپ سېتىپتۇ. ئۇن - پۇن ئې-لىپ ئۆيگە كەلگىچە كەچ بوپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ھويلا - ئارامنىڭ، ئۆي ئىـ-چىنىڭ پاكىزلىقىنى، خوتۇ-



نىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ كۈندەك پارقىراپ تۇرغان رەڭگىروينىنى كۆرۈپ: «ۋادەرىخا، بۇ نېمە ئىش بولدى. ئادىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ بۇ ئۆزى نېمە كارامەت؟!» دەپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە:

— ھەي سىپىت، نېمە بولدىڭىز، بۇ ئۆز ئۆيىڭىز، — دەپتۇ ۋە ئىككى ئوغۇلغا بۇيرۇپتۇ، — ئاتاڭلار ھېرىپ كەلدى، قولىدىن تۇتۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.

ھىمىت بىلەن مىجىت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ھارماڭ دادا» دەپ پېشىدىن تارتىپتۇ. سىپىت ھەيران بولۇپ قەدىمىنى ئىچكىرىگە ئاپتۇ. مەلىكە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۇننى ئاپتۇ ۋە روملى بىلەن سىپىتنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆينىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قازاندا سۇ قايناپ تۇرغانىكەن. ئۇننىڭ يېرىمىنى چېلىپ ئۇماچ پىشۇرۇپتۇ، ھەر بىرىگە بىر ـ ئىككى تاۋاقتىن ئۇماچ بەرسىمۇ، ئاشنىڭ يېرىمى ئېشىپ قاپتۇ.

بۇ كېچىنى ئۇلار پاراغەت بىلەن، مەلىكە تىلەك تىلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. سەھەر بولغاندا زىباچېھرە ئېشىپ قالغان ئۇماچنى ئىسسىتىپ ئۇلارغا يەنە ئىككى تاۋاقتىن بېرىپتۇ. سىپىت سەھراغا مېڭىپتۇ. يەنە ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئۇن ئېلىپ كەپتۇ. زىباچېھرە



www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ، بىر قازان ئۇماچ پىشۇرۇپ ئۇلارنى ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ.

مەلىكە سېيىتتىن:

— بۇگۈن ئۇن ئالماڭ. پۇلىنىڭ يېرىمىغا گۆش، يېرىمىغا ياغ ئېلىپ كېلىڭ، چۈنكى، ئۇنىمىز خېلى بار، — دەپتۇ.

سېيىت گۆش، ياغ ئېلىپ كەپتۇ. بۈگۈنكى ئۇماچ تەملىك، گۆشلۈك بولۇپتۇ. ئەتىسى مەلىكە:

— بۈگۈن گۇرۇچ، سەۋزە، پىياز كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ.

سېيىت ئادىتى بويىچە ئوتۇنى سېتىپ پۇلىغا گۇرۇچ، سەۋزە، ياغ ۋە پىياز ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە ئوخشىتىپ بىر قازان پولۇ ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە مۇددەت ئۆتۈپتۇ. گۇرۇچ، ئۇن، ياغ، گۆشلەرمۇ يىغىلىپ قاپتۇ. زىبا چىھرە ھەر كۈنى باشقا - باشقا تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە سېيىتتىن:

— بۈگۈن ئوتۇن ساتقان پۇلغا كۆزىڭىزگە نېمە كۆرۈنسە شۇنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

سېيىت شۇ كۈنى ئوتۇنىنى ئېلىپ كېلىپ سېتىپتۇ. پۇلىنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپتۇ. ئۇ بىر ئادەم تۇتۇپ تۇرغان ئاجايىپلا بىر قۇشنى كۆرۈپتۇ.



— ئى بۇرادەر، بۇ قۇشنى قانچە پۇلغا ساتى-

سەن؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

ــــ ئىككى تەڭگە بىرىڭ، ــــ دەپتۇ ئۇ ئادەم.

سىبىيت ئىككى تەڭگە بىرىپ قۇشنى سىتىۋاپتۇ ۋە مەلىكىـنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە قۇشنى قولىغا ئېلىپ باشـكۆزىنى سىلاپ بوغۇچلانغان ئاياغ ـ قاناتلىرىنى يېشىپ قويۇپ بىرىپتۇ. سىبىيت يەنە ئادەتتىكىچە ئۆز ئىشىنى قىلىۋىرىپتۇ.

بۇ ھەپتە ناتىق دىگەن خاسىيەتلىك قۇش بولۇپ، ئاق كۆڭۈل ئادەمنى تاپسا يەتتە تىلدا سۆزلەيدىكەن ۋە خاسىيىتىنى كۆرسىـتىدىكەن، قارا نىيەت ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالسا سۆزلىمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنىمۇ بىلدۈرمەيدىكەن. ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر تۇخۇم تۇغىدىكەن، ئۇ تۇخۇم دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان گۆھەرگە ئوخشايدىكەن.

ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، مەلىكىنىڭ ئىلىكىگە بىر قانچە گۆـھەر يىغىلىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىبىيتقا:

ــــ بۈگۈن سەھراغا بارماڭ، بازارغا بارسىز، ــــ دەپتۇ.

ــــ خوپ، بولىدۇ، ــــ دەپتۇ سىبىيت.

مەلىكە گۆھەرلەرنى بىر ئاق رومالغا چىگىپ سىبىيتقا بىـرىپتۇ ۋە تاپىلاپتۇ:



ــــ سارايىنىڭ دەرۋازىـسى ئالدىغا بىرىپ تۇتۇپ تۇرۇڭ. ھەر كىم باھاسىنى سورىسا، «ئىنساب بىلەن نىمە بەرسىڭىز مەيلى» دەڭ،

كىتاب نۇر بىلىكى
www.uyghurkitap.com



بۇنىڭدىن باشقا سۆزنى قىلماڭ.

سېيىت سارايىنىڭ ئالدىغا بىرىپ رومالنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ: «ئاۋۇ دىۋانىنى كۆردۈڭلارمۇ، ئىككى تۇخۇمنى سارايى ئىشىكىدە ساتماقچى ئىمىش» دەپ كۇلۇشۇپتۇ.

سىيىت سارايى ئىشىكىدە بىر سائەت تۇرۇپتۇ. بۇ شەھەرگە يەنە بىر شەھەردىن ئۇلۇغ كارۋان كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى ئۆز سودىسى بىلەن ئاۋارە ئىكەن. بىر چوڭ باي مۇشۇ سارايدا تۇرىدىكەن. ھەممە ماتالىرىنى تىكىپ، سېتىش ئۈچۈن بازارغا چىقماقچى بولۇپتۇ. چىقىۋىتىپ تۇخۇم تۇتۇپ تۇرغان سېيىتنى كۆرۈپتۇ. باي ھەيران بولغىنىدىن يېقىن كېلىپ قارىسا، بۇ ئادەتتىكى تۇخۇم ئەمەس، بەلكى گۆھەر ئىكەن، ئۇ سېيىتتىن سوراپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، بۇ تۇخۇملىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟

— ئىنساب بىلەن نىمە بەرسىڭىز شۇنى ئالىمەن، — دەپتۇ سېيىت.

باينىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا سېيىتنى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەنە تۇخۇمنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سېيىت ئاۋۋالقىدەكلا جاۋاب بىرىپتۇ. ھېلىقى باي سېيىتقا باشتىن - ئاياغ يېڭى ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ، بىر يورغا ئات مىندۇرۇپ، ئىككى ساندۇقنى بىرىپتۇ.



— مېنىڭ تاپقان -

تەرگىنىم مۇشۇ ئىككى ساندۇقتا، ـــ دەپتۇ ۋە غۇلاملىرىغا قاراپ ـ
تۇ، ـــ ھەي غۇلاملار، بۇ كىشى ئەمدى سىلەرنىڭ خوجاڭلار. سى ـ
لەرنى بۇ كىشىگە بەردىم. مۇندىن كېيىن مۇشۇ كىشىنىڭ پەرما ـ
نىدا بولۇڭلار.

ئۇ يەنە سېيىتقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ قولۇمدا بار نەرسىلەرنى سىزگە بەردىم، رازى بولارسىز.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ ـ دە، باشقا سودىگەرلەرنىڭ ئىشقا ئارىلى ـ
شىپ سودىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئاتقا مىنىپ
كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

سېيىت غۇلاملار ۋە ماللارنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپ ـ
تۇ، ساندۇقلارنى ئېچىپ دۇنيا ـ دەپىنىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ
نەرسىلەرنى كۆرگەن مەلىكە خۇشال بولۇپ، غۇلاملارغا جاي تەي ـ
يارلاپ بېرىپتۇ.

زىباچېھرە ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سېيىتنىڭ قولىغا
مۇشتەك بىر ئالتۇننى بېرىپتۇ ۋە:

ـــ ئەي سېيىت، بازارغا بېرىڭ، غۇلاملارمۇ بىللە بارسۇن،
ئوبدان ئۆي جابدۇقى ئېلىپ كېلىڭ، ـــ دەپتۇ.



سېيىت غۇلاملارنى ئە ـ
گەشتۈرۈپ بازارغا بېرىپ،
مەلىكە بۇيرۇغان نەرسىلەر ـ
نىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ،
غۇلاملارغا كۆتۈرتۈپ ئۆيگە
كەپتۇ. ئۇلار ئۆينى پاكىز

تازىلاپ، چىرايلىق زىننەتلەپتۇ.

— ئەي سىپىيت، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەمدى نىكاھ قىلدۇرۇپ توي قىلايلى.

ئۇلار مەسلىھەتكە ئاساسەن تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ خۇشال-خۇرام توي قىپتۇ. مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە كىيىم-كېچەكلەرنى ئىنئام قىپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى مۇبارەكلىشىپتۇ. سىپىيت مەلىكىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىھسانى زىيادە، داستىخىنى داۋاملىق ئوچۇق بولۇپ، شۆھرىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپتۇ.

سىپىيت مەلىكىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىمارەت ياساشقا تەرەددۇت قىپتۇ ۋە جىمى ئىمارەت ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپتۇ. ئۇستا ياغاچچى، تامچىلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ، تون-سەرپاي كىيدۈرۈپتۇ، مەلىكە ئۇلارغا:

— ئەي ئۇستىلار، مېنىڭ ئىمارىتىمنىڭ ئىشى تامام بولماي تۇرۇپ باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلمىغايسىلەر، قانچىلىك پۇل، ماتېرىيال، ئۇسكۈنە ۋە خىزمەتكارلار لازىم بولسا، خەت ئارقىلىق ماڭا مەلۇم قىلغايسىلەر، ئىمارەتنىڭ ھەممە دېرىزىلىرىنى كېچىسى ئۆزۈم سالىمەن، — دەپتۇ.



يۈزگە يېقىن ئۇستا ۋە ئۇنىڭغا لايىق قورۇلۇشچىلار ئۆز ئارا پۈتۈشۈپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. ھەر كېچىسى

مەلىكە قۇرۇلۇشنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ قويۇپتۇ. ئۇستىلار شۇنىڭغا ئەمەل قىپتۇ. ئۇستىلار قىلىۋاتقان ئىشقا لايىق خىلمۇ خىل تائامىلارنى تەييار قىلىدىكەن. يوقلاپ كەلگەن ئادەملەر قۇرۇق قايتمايدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىمارەتلەر پۈتۈپتۇ. كىشىلەر كۆ-رۈشۈپتۇكى، بۇ يەردە يېڭىدىن «سەرۋى ئابات» ۋە «خەيرى ئابات» پەيدا بولۇپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە سىيىتقا:

— ئەمدى ئوغۇللارنى ئۆيلەشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەسلىھەت كۆرستىڭ، — دەپتۇ سىيىت.

مەلىكە دەرھال يېقىن - يىراقلارغا خەتلەر يېزىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۇستا ماشىنىچىلارنى يىغىپ كىيىم تىكتۈرۈپتۇ. توي تەييارلىقىنىڭ ئەسلا كېمى قالماپتۇ. ئۇن جايدا ناۋايخانا، ئون جايدا ئاشخانا قۇرۇلۇپتۇ ۋە لازىملىق ئادەم-لەرنى يېتەرلىك بەلگىلەپتۇ. بەلگىلەنگەنلەر ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

— ئەمدى ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشتى، — دەپتۇ مەلىكە سى-يىتقا، — ئەتە سەھەردە تۇرۇپ پادشاھ ئازادە مېھرىدىن تىلەك ئېلىپ كېلىڭ، ئاندىن تويـ-نى باشلايلى.



تاڭ ئېتىپتۇ. مەلىكە-نىڭ ھۆكمى بىلەن غۇلاملار پادشاھقا لايىق داستىخان تەييارلىغانىكەن. مەلىكە

www.uyghurkitap.com



سېيىتنى ئېسىل كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇپ بىر ياخشى ئاتقا مىندۇرۇپتۇ. ئىككى غۇلامنى ئاتنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەمراھ بولۇپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ.

ــ پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن بۇ مەكتۇپنى تۇتۇلۇك، پادىشاھتىن شۇ مەكتەپ مەزمۇنىدا رۇخسەت ئېلىڭ، مۆھۈرنى بېسىپ بەرگەي، ئېلىپ كەلگەيسىز، ــ دەپتۇ مەلىكە سېيىتقا.

«سېيىت پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدىكەن» دېگەن خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە تاراپتۇ. ئادەملەر گۈزەرلەردە تۇرۇپ سېيىتقا سالام قىلىشىپتۇ، ياخشىلىق تىلەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئوردا خادىملىرىنى سېيىتنىڭ ئالدىغا چىقارتىپتۇ. ئۇلار سېيىتنى ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. سېيىت پادىشاھ دۇئاسىدىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. مەلىكىنىڭ مەكتۇپىنى ئىككى قوللاپ ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن تۇتۇپتۇ. شاھ نامىنى ئېلىپ كاتىپقا بېرىپتۇ. خەت سېيىتنىڭ تىلىدىن مۇنداق يېزىلغانىكەن: «ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆمۈر ـ ئىقباللىرى ئۇزۇن، بەخت ـ دۆلەتلىرى ھەددىدىن زىيادە بولغاي، سۆزىمىز شۇكى، كەمىنىلىرىنىڭ تويىغا ئىجازەت پاتىھە ۋە ئىنايەتنامە بەرگەيلا.





تاكى قىرىق كۈنگىچە ۋىلايەت
خەلقى ئەتىگەندىن ـ كەچ ـ
كىچە تۈرمۈشتا ئېھتىياج ـ
لىق نەرسىلەرنى سېتىنىڭ
دۆلەتخانىسىدىن ھەقسىز
ئالغاي. ئەگەر ھەر كىمنىڭ
ئۆيىدىن تۈتۈن چىقسا پادى ـ
شاھ گۈناھكار بولغاي.»

پادىشاھ ئازادە مېھرى:

ــ سېيىتبابىنىڭ مەكتۈپىدىكى مەزمۈندىن بىر نامە پۈتۈپ
جارى قىلىڭلار، ــ دەپتۇ. نامە پۈتۈلۈپتۇ. شاھ مۆھرىنى بېسىپ
بۇيرۇق قىپتۇ:

ــ شەھەرگە جارچى سېلىڭلار، تاكى قىرىق كۈنگىچە ھېچ ـ
كىم تاماق ئۈچۈن تۈتۈن چىقارمىسۇن. سېيىت بابىنىڭ تويى تو ـ
گىگىچە تائام ۋە باشقا لازىمەتلەرنى سېيىت بابىنىڭ ئېلىكىدىن
ئالسۇن.

سېيىت باي ئۆز قەسرىگە قايتىپتۇ. ھەر قايسى ئىشلارغا
مەسئۇل بولغانلار ئۆز ئىـ ـ
شىغا ئىگە بوپتۇ. توي باش ـ
لىنىپتۇ. قىرىق كۈنگىچە
ھېچ ئادەم بۆلەك يەردىن تا ـ
ئام يېمەپتۇ. سېيىتباي قى ـ
رىق كۈندىن كېيىن شەھەر



www.uyghurkitap.com





خەلقىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىگە بىر يۇرۇش كى-يىم يەتكۈزۈپتۇ.

— بۇگۈن يەنە بىرىپ پادىشاھنى تەكلىپ قىلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە تويىدىن كېيىن سېيىت باينى چاقى-رىپ، — بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن سورىماڭ.

سېيىتباي ئۈن چىقارماپتۇ. ئۇ سوۋغا ـ سالام ئېلىپ شاھ-نىڭ دەرگاھىغا بېرىپ:

— شاھىم، ئەتە تامام ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە پېقىرنىڭكىگىمۇ ئىلتىپات قىلسىلا، تازىلىق قىلغۇچى، ئات باق-قۇچىلارمۇ قالمىسۇن. ئۈچ كۈنگىچە كەمىنىلىرى خىزمەتتە بولاي، — دەپتۇ.

سېيىت باي پادىشاھنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. مەلىكە غۇلاملارنى پادىشاھقا لايىق تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شۇ كۈنى خىزمەتچى خادىملار پۇختا تەييارلىق قىپتۇ. ئە-تىسى ئەسكەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەپتۇ. ھەر بىر ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلار ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ بەلگى-لەنگەن جايغا ئورۇنلىشىپ-





تۇ.
كۈن چۈش بولغاندا پا-
دىشاھ ئازادە مېھرىمۇ يېتىپ
كەپتۇ. ئۇ بىر ئالىي قە-
سىرگە چۈشۈپتۇ. ئۈچ كۈن-
گىچە شۇنداق كاتتا زىياپەت-
لەر بولۇپتۇكى، ھەممەيلەن
ئاپىرىن دەپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئېسىل
كىيىملەر تەقدىم قىلىنىپتۇ. كاتتىلارغا بىردىن ئات جابدۇپ
قامچىسىمۇ قوشۇپ بېرىلىپتۇ. ئۇ كۈنى خاس ئەمەلدارلار بىلەن
پادىشاھ قاپتۇ. يەنە ئاجايىپ ئالىي زىياپەت باشلىنىپتۇ. يېرىم
كېچە بولغاندا سېيىت باي مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پادىشاھنى
ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئىچكىرىگە كىرىپ كۆرۈپ-
تۇكى، بۇ يەرگە «سەۋرى ئابات» كۆچۈپ كەپتۇ. سېيىت باي پادى-
شاھنى يەنە بىر قەسىرگە باشلاپ كىرىپتۇ. قىزلار جۈپ - جۈپ
بولۇپ نەغمە - ناۋا قىلىپ، ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈ-
شۈپتۇ. «خەيرى ئابات»تا نېمە بولسا بۇ يەردىمۇ شۇ نەرسە تەق
ئىكەن. پادىشاھ ئۆزىنى
«خەيرى ئابات»تا ئولتۇرغان-
دەك ھېس قىپتۇ، خۇشبۇي
ھىدلاردىن مەست بوپتۇ. شۇ
چاغدا ئىككى كېنىزەك كى-
رىپ پادىشاھقا سالام بېرىپ-



تۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەلىكە زىبا چېھرىمۇ شۇ كۈنكى كىيىم-لىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن كىرىپ، پادىشاھقا ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ بىر كۆرۈپلا مەلىكە زىبا چېھرىنى تونۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە زىبا چېھرە، — كۆردۈڭ-مۇ، بىر پۇلغا ئەرزىمەس ئوتۇنچى يېقىرنىڭ مۇبارەك قەدىمى ۋە بەرىكىتىدىن شاھىنشاھقا ئوخشاش دۆلەتمەن بولدى.

پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپتۇ، كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئۆز ماكانىغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ بىر ھەپتە بىتاپ بولۇپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەپتۇ، ئاخىر بىر كۈنى پادىشاھ ھەممىنى چاقىرىپ: «دى-لىمغا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارزۇسى چۈشتى، سىلەر ياراملىق بىر ئادەمنى مېنىڭ ئورنۇمغا ئولتۇرغۇزۇڭلار» دەپتۇ. خالايىق پادىشاھنىڭ بۇ پىكرىگە ئۇنىماپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆز سۆزى-دە چىڭ تۇرۇپ، تەخت - تاجىنى باشقا بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش-نى تەلەپ قىپتۇ. خالايىقنىڭ رايى سېيىت باينى قارار تېپىپتۇ. بۇنىڭغا پادىشاھمۇ قوشۇلۇپتۇ. خالايىقتىن رازىلىق ئالغان پادى-شاھ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئوردا خىزمىتىنى سېيىت بايغا تاپشۇرۇپتۇ.



ئەسكەرلەر ۋە شەھەر خەلقىنىڭ كاتتىلىرى بىر ئاق تۆگىنى ياساپ، پىيادە بولۇپ، سېيىت باينىڭ دۆ-لەتخانىسىغا كېلىپ، ئۆز

مۇددىئالىرىنى بايان قىپتۇ. سىپىت باي مەلىكىنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ خالايىقنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە:
— بۇ كاتتىلارنىڭ ئارزۇسى بولسا شۇنداق بولسۇن، — دەپ-
تۇ ۋە مۇبارەكلەپتۇ.
خالايىق سىپىت باينىڭ بېشىغا پادىشاھلىق تاجىنى كىيدۈ-
رۈپ، ئاق تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھ-
لىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ
كۆرسىتىپتۇ. سىپىت باي ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل خاتىرجەم
بولۇپ، خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. مەلىكە بىلەن سىپىت ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغىچە بەختلىك هايات كەچۈرۈپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ هاياجاندىن ئولتۇرالمايلا
قالدى.
— مەن بۇ چۆچەكتىن بەك تەسىرلەندىم، — دېدى ئۇ چوڭ-
قۇر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، — كۆرەڭ پادىشاھنىڭ ئىستىبداتلىق
ۋە يېقىملىق مەلىكىنى يوقىلاڭ باهانىلەر بىلەن ئوردىدىن هەيدەپ
چىقىرىشى، مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ بوگونى تاپسا ئەتىسىگە يوق
نامرات ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىللىق-
لىقى، چېۋەرلىكلىكى بىلەن
ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى
ياخشىلىغانلىقى، بىرنەچچە
يىلغا قالمايلا ئۇنى داڭلىق



بايغا ئايلاندۇرغانلىقى، ھەتتا ئاخىردا پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئۇ-نىڭغا نېسىپ بولغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر ناھايىتى تەسىرلىك ئىكەن. بولۇپمۇ مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ ھەر بىر ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىپ، قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى، چېۋەرلىكى ئادەمنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدىكەن. بۇ چۆچەك ئادەمگە ئىنسا-نىيلىق تەربىيەسى، قەدىر - قىممەت تەربىيەسى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيەسى بېرىدىكەن...!

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆز-لەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغان ئىدى. ئۇ ئەقىللىق نەۋرىسىنىڭ تىزلا چۆچەك تەھلىل قىلالايدىغان ھالغا يەتكەنلىكىنى، يەنە كې-لىپ كۆپ تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ قالغانلى-قىنى ھېس قىلىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى.

— جېنىم قوزام! بۈگۈن خۇددى چوڭ ئادەملەردەكلا پىكىر قىلىپ مېنى بەك تەسىرلەندۈردۈڭ! — دېدى بوۋاي ئۇنى پۇراپ سۆيۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ بۇ چۆچەك ھەققىدە يەنە ئارتۇقچە سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. سېنىڭ بۇ چۆچەكنى شۇنچى-لىك ئەستايىدىل، دەل جايىدا تەھلىل قىلىشىڭدىن بەك پەخىر-لەندىم. چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىمگە رازى بولۇپ كەتتىم...



بوۋىسىنىڭ ماختىشى بىلقۇتجاننى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

ــ جىنىم بوۋا! ــ دېدى ئۇ بوۋىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ــ چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىڭىزنىڭ پايدىسى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. شۇڭا ماڭا يەنىمۇ كۆپرەك چۆچەك ئېيتىپ بەرسىڭىز بولغۇدەك!

ــ شۇنداقمۇ؟! ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى باغرىغا بېسىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ ھېلىمۇ كۆپ ئېيتىپ بېرىۋاتىمەنغۇ!

ــ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ، بۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ!

ــ ماقۇل ـ ماقۇل، ــ دېدى بوۋاي رايىشلىق بىلەن، ــ قېنى، قۇلاق سال ئەمسە!



www.uyghurkitap.com



# مەلىكە بەرنا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر شاھ ئۆتكەن ئىكەن. شاھنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ئون تۆت كۈنلۈك ئايغا ئوخشاش چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. شاھ پەرزەنت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شادلىنىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي تاماشا ئۆيۈشتۈرۈپ بېرىپتۇ ـ دە، قىزغا «بەرنا» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، مەلىكە بەرنا ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك قىز بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. قىز ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، پادىشاھ ئۇنى ئوردا مۇدەررىسىگە تاپشۇرۇپ يىگىرمە يېشىغىچە ئوقۇتۇپتۇ. مەلىكە پۈتۈن ئىلىملەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپتۇ، قىزنىڭ داڭقى پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ.

ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە دانىشمەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بىقارار بولغان شاھزادە، بەگزادىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شاھقا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن مەلىكە بەرنا نىكاھلىنىش ھەققىدىكى مەسلىھەتلەرگە جاۋابەن:



— ئاتام مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسا، ماڭا لايىق

بولغۇچى يىگىتمۇ ئۆزۈمدەك ئاقىل ۋە دانا بولۇشى لازىم. ئەنە شۇنداق يىگىت بولسىلا، مەن ئاتامنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا تەيـ.
يار، ـــ دەپتۇ.

شاھ قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئاردـ.
دىن يەنە بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھ يورۇق دۇنيا بىـ.
لەن خوشلىشىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ... مەلىكە ئاتىسىنىڭ
ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ تەختكە چىقىپتۇ.

مەلىكە بەرنا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئەمەلدارـ.
لىرى ۋە شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى شاھ سارىيىغا يىغىپ:

ـــ مېنىڭ قىرىق بىر سوئالىم بار، كىمكى مېنىڭ سوئالـ.
لىرىمغا توغرا جاۋاب بېرىپ، مېنى قانائەت قىلدۇرالىسا، ئۇ مەيـ.
لى گاداي بولسۇن، مەيلى شاھزادە، مەيلى غېرىب ـ پېقىر بولـ.
سۇن، مەن ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىمەن، شاھلىقىمنى ئۇنىڭغا بىرىپ
خىزمىتىنى قىلىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆزىنى دار ئاسـ.
تىدا كۆرىدۇ، ـــ دەپتۇ.

بۇ شەرتكە رازى بولغۇچىلار مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇـ.
نىڭ سوئالىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. بىراق نى ـ نى مەشھۇر شاھزاـ.
دە ۋە بەگزادىلەرمۇ قىزنىڭ
سوئالىغا تۈزۈكرەك جاۋاب
بېرەلمەپتۇ، جاۋاب بېرەلـ.
مىگەن ھەر بىر يىگىت
دارغا ئېسىلغاندا، قىز
ئۇلارغا تەنە قىلغاندەك:



www.uyghurkitap.com



— ھەركىم ئۆزىنىڭ ھالىنى بىلمىسە بىھۇدە ھالاك بولىدۇ! — دېگەن سۆزنى بىر قېتىم تەكرارلاپ قويىدىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ چەت بىر يېزىسىدا ئوتتۇنچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان قېرى بوۋاينىڭ ۋاھىد ئاتلىق ئوغلى بىر كۈنى مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلمەي، تالاي يىگىتلەر ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. ئۆز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، رايىڭدىن قايت! — دەپتۇ مەلىكە.

— ئادەملەر ئۆز بەختىنى ئۆلۈمدىن قورقماسلىق بىلەن تاپالايدۇ. سىزنىڭ مۇبارەك قولىڭىزدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن بەخت، — دەپتۇ ۋاھىد ئىككىلەنمەي.

— نەدىن كەلدىڭ؟

— ئاتا - ئانامنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدىن، رەھمىتىدىن كەلگەنلىكىم ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ؟

— نەگە بارىسەن، تۇرار يېرىڭ قەيەردە؟

— ئاشىق كىشى ئۈچۈن يۇرتنىڭ يات يېرى يوق، ئەل ئوغلى ئۈچۈن ھەممە يەر ماكان، مەن سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يەتكىلى كەلدىم.



— ئىنساننىڭ ئالىي پەزىلىتى نېمىدە؟

— ئۆز بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە ئۆز ئېلىگە، خەلقىگە، دوس-

تىغا خىيانەت قىلماسلىقتا.

— پۈتۈن جاھانغا شاھلىق قىلغانلار بولغانمۇ؟

— بولغان. دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان جاھان شاھلىرىدىن: سۇلايمان، ئىسكەندەر، نەمرۇت ۋە شەددات قاتارلىقلار ئۆتتى. بىراق ئىلمى ھېكمەت جەھەتتە ياراتقان ئەمەلىي تۆھپىسى بول-مىغاچقا، دۇنيادا ئۇلارنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، خالاس.

— كىشىلەر قايسى ياخشىلىقتىن قاچىدۇ، قايسى يامانلىقنى سۆيىدۇ؟

— بەزى كىشىلەر قار - يامغۇردىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئارتۇق مال - دۇنيا، قۇرۇق پىتنە - پاساتنى سۆيىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئادەتتۇر. دەلىل شۇكى: سىزمۇ خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن خەزىنىڭىزنى سۆ-يىسىز...

— ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نېمە؟

— تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يالغانچى-لىقتۇر.

— قانداق كىشى رەھىمدىل ۋە قانداق كىشى رەھىمسىز، پېخسىق بولىدۇ؟



— يوقسۇزلۇق، ئاچ-لىقنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەرقانداق كىشى رەھىمدىل كېلىدۇ، بايلار پېخسىق ۋە بېخىللىقتا مەشھۇر، بۇ ئۆزد-

تۇيغۇر كىتاب تورىدىن ئېلىندى www.uyghurkitap.com



كىنىز گىمۇ ئايان.

— دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە نېمە؟

— ئالەم بوشلۇقى... شۇنداقلا پادىشاھلارنىڭ ئادالىتى، ئالىملارنىڭ ئىلمىي ھېكمىتىدىن ئارتۇق كەڭلىك يوق.

— دۇنيادا سانسىز ۋە چەكسىز نەرسە نېمە؟

— جانلىق سانسىز، ئالەم چەكسىزدۇر.

— ھاياتلىقنىڭ ئەۋزەللىكى نېمىدە؟

— ئىلىم ـ مەرىپەت. ھالال مېھنەت، پاك مۇھەببەتتە.

— تويماس نەرسە ئۇچراتتىڭمۇ؟

— ئۇچراتتىم. كۆز قاراپ تويمايدۇ، مۇھەببەتلىك كىشىلەر بىر ـ بىرىگە، ئوت ئوتۇنغا، ئالىم بىلىمگە، باي مالغا، ئادەم ئۆمۈرگە تويمايدۇ.

مەلىكە بەرنا كۆڭلىدە «بەللى ئەزىمەت!» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ، لېكىن يەنىلا تەن بەرمەي، مەغرۇرلۇق بىلەن سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئادەم نېمىدىن خارلىنىدۇ؟

— ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ھۈنەرنى، ھالال ئەمگەكنى خورلىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى خارلىقتا قېلىپ ۋەيران بولۇشى مۇقەررەردۇر.



— نېمىلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ؟

— ساقلىقتىن ـ ئاغرىق، ھاياتلىقتىن ـ ماماتلىق، توقلۇق ـ
تىن ـ ئاچلىق، خوشاللىقتىن ـ خاپىلىق مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.

— خىزمەت قىلىشتىن ياناماسلىق كىمگە مەنسۇپ؟

— بالا ئاتا ـ ئانا خىزمىتىدىن، مەرد ئەل خىزمىتىدىن،
ئۆي ئىگىسى مېھمان خىزمىتىدىن يانمايدۇ.

— ئادەم نېمىدىن نومۇسقا قالىدۇ؟

— چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، يالغان بوھتان قىلىش، دۈش ـ
مەندىن، بېخىلدىن ياردەم تىلەش ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق
نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

— ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟

— غېرىبلىق، جۇدالىق، موھتاجلىق تەڭداشسىز ئېغىردۇر.

— نېمە بايلىق ھېسابلىنىدۇ؟

— سالامەتلىك ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشتىن
ئارتۇق بايلىق يوق.

— ئادەمنىڭ يامان دۈشمىنى قايسى؟

— ئەجىرسىز توپلانغان مال ـ دۇنيا تېپىلماس دۈشمەن ـ
دۇر.



— مېنىڭ ئىلتىپاتىم ـ
غا سازاۋەر بولۇشنى خالام ـ
سەن؟

— سىزنى خىيال قى ـ
لىش بىلەن خۇشالمەن.
ۋاھىدنىڭ جاۋابىدىن

www.uyghurkitap.com



تولۇق قانائەتلەنگەن مەلىكە بەرنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋاھىدقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ ئالتۇن تەختىكە چىقىرىپتۇ ـ دە:

— مەن سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە بولۇشقا رازىمەن، — دەپ ئىھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ...

داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي چېلىنىپتۇ. زىلچە ـ گىلەملەر سېلىنىپتۇ. داش قازانلار ئېسىلىپتۇ. زىندانلاردىكىلەر ئازاد قىلىنىپ، مۇراسىمغا قېتىلىپتۇ، راۋاقلارنىڭ ئۈستىدىن تەڭگە ـ تىللا چېچىلىپتۇ... قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا بولۇپتۇ. مەلىكە بەرناغا ئۆيلىنىۋالغان ۋاھىد ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ بەختلىك ياشاپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى سۆزلەپ بولۇپ، بىلقۇتجانغا مۇنداق چۈشەندۈردى:

— دىققەت قىلدىڭمۇ بالام، بۇ چۆچەك ئادەمگە ھايات تەجرىبىسى ئۆگىتىدىغان ھاياتلىق دەستۇرىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدا پەيلاسوپلارنىڭ ئاقىلانە سۆزلىرىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەتكە خاس ئامىللارمۇ، ئىلىم ـ پەنگە ياتىدىغان مەزمۇنلارمۇ تېپىلىدۇ. بۇ چۆچەكنى مۇنداقلا بىر ئاڭلاپ قويماي، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە



قىتىم ئوقۇپ بىلىمىڭنى ئۆستۇر، ھايات تەجرىبەڭنى مولـلاش-تۇر.

بىلقۇتجان شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بوۋىسىغا مۇنداق دېدى:

— بوۋا، نېمە ئۈچۈن شۇنچە چىرايلىق مەلىكىلەر توي قىل-مىدىغان چاغدا شۇنچە ئېغىر شەرت قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ؟ سوئالىم بار، شۇنىڭغا جاۋاب بېرەلىسە دەيدۇ؟ يەنە بەزىلەر تېپىشماق سوراپ يۈرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

مۆھتەرەم بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي ئەقىللىق قوزام، بۇ سوئاللارنى جايىدا ئوتتۇرىغا قويدۇڭ، — دېدى قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — قەدىمدە مەلىكىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئىشلىرى بولۇپ ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بۇ چۆچەك ئەجداد قىلغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن تېخىمۇ بېيىپ، مەلىكىلەر توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىك راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان. دىققەت قىلساڭ، مانا مۇشۇ ئامىلدىن شۇ چۆچەكنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى راۋاجلىنىدۇ ۋە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئاخىردا ئۇلار مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ.

— ئەمدى چۈشەندىم، بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى ساقلاتمايلا يەنە بىر چۆچەك ئېيتىشقا باشلىدى.

# ئەقىللىق مەلىكە

قەدىمكى زاماندا مەلۇم بىر دەريانىڭ ياقىسىدا بىر شەھەر بولغانىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تولىمۇ زالىم ئىكەن، خەلق ئۇنىڭ زۇلمىدىن زار ـ زار قاقشايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ھەرەم بېغىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قاغا «قاق، قاق» قىلىپ قاقىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن: «قاغا نېمە دەۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر ـ خىزمەتچىلىرى:

«ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان، بىلىملىك ئادەم. سىلى بىلمىسىلە بىز پەقەت بىلمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بىكارتەلەپلەرنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئالىم ـ ئۆلىمالارمۇ پادىشاھنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي پۈتۈن شەھەر بويىچە نۇرغۇن كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.



پادىشاھنىڭ مەلىكە مېھراي ئىسىملىك ئەقىللىق ۋە گۈزەل
بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە دادىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قاتتىق
غەزەپلىنىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھراي دادىسىغا:
— «ئەي دادا، سىز شۇنچە پەم ـ پاراسەتلىك، بىلەرمەن تۇ ـ
رۇقلۇق، ئۆزىڭىز جاۋاب تاپالمىغان سوئاللارغا جاۋاب تاپقۇزىمەن
دەپ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بالا ـ چاقى ـ
لىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، شەھەردىكى ئادەملەرنى ئاز قويدىڭىز.
ئۇلار سىزدىن زېرىكتى. سىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئاز قې ـ
لىۋاتىسىز. ناۋادا كۈنلەر ئۆتۈپ بېشىڭىزغا بىر پالاكەت كەلسە،
بىزگە كىممۇ كېلىپ ياردەمدە بولار؟ — دەپتۇ. قىزىدىن بۇ سۆز ـ
نى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خاپا بولۇپ، قىزىنى دەرھال ئۆلتۈرۈ ـ
گە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل ۋەزىر پادىشاھقا: «بۇنداق
قىلىش شاھنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ، ئەڭ ياخشىسى مەلىكىنى
زىندانغا تاشلىساق» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادى ـ
شاھ قىزىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ، زىندانغا تاشلاپتۇ.
ۋەزىر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ،
بىر ساندۇق ياسىتىپتۇ ـ دە، مەلىكىنى مەخپىي زىنداندىن ئې ـ
لىپ چىقىپ ئۇنى دەريادا
ئېقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. مە ـ
لىكە ساندۇققا كىرىش ئال ـ
دىدا ۋەزىرگە: «ئەگەر مەن
ھاياتلا بولىدىكەنمەن بىر
كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ



uyghurkitap.com



ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇ-تۇلدۇرىمەن» دەپ قەسەم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دەريادا بىر نەچچە كۈن ئاققاندىن كېيىن بىر قوشنا مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دەريا بويىدا ئوتۇن كېسىۋاتقان بىر ئوتۇنچى، دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، يۈگۈر-گەن پېتى بېرىپ ساندۇقنى قىرغاققا چىقىرىپتۇ، لېكىن ئاغزى-نى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساندۇقنى كۆتۈ-رۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ قارىغۇدەك بولسا، ساندۇق ئى-چىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، بىر تەڭداش-سىز ساھىبجامال ياتقۇدەك. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە:

— ماقۇل، ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار، ئالدى بىلەن مەن قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىۋالاي، مەن ئېقىپ كەلگەن دەر-يا بويىغا بېرىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز، — دەپتۇ.



پادىشاھ بۇ شەرتكە دەرھال كۆنۈپتۇ ھەم مەلىكە مېھرايىنى بىرقانچە كېنىزەك بىلەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دەريا بويىغا ئۇزىتىپتۇ. مە-لىكە دەريا بويىغا بارغاندىن

كېيىن، دەرياغا قاراپ ئەل ـ يۇرتنى سېغىنىپتۇ ھەم كۆڭلىدە: مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ، دادامنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنى ئازاب ـ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن تۇرسام، ئەمدى پادىشاھقا خوتۇن بولسام قانداق بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا دەر- يادا يوغان بىر بېلىق ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ ئاغزىنى ئې- چىپ تۇرغانىكەن، مەلىكە بېلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىللە بارغان كېنىزەكلەر چۇرقىرىشىپ يۇگۇرگەن پېتى پادى- شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ، مەلىكە مېھرىنىڭ دەردىدە تاج ـ تەختىنى تاشلاپ، سەرگەردان بولۇپ، مەلىكىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ دەريانىڭ بويىدا بىر بېلىقچى بوۋاي بولۇپ، يالغۇز بالى- سى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا بوۋاي دەرياغا تور تاشلىغانىكەن، يوغان بىر بېلىق تورغا ئىلىنىپ چى- قىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي خۇشال بولۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىنى يارسا، ئىچىدىن ھېلىقى ساھىبجامال مەلىكە چىقىپتۇ. قارىسا قىزنىڭ جېنى بار ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئوبدان بېقىپتۇ، قىز كۈنـ- دىن ـ كۈنگە ئەسلىگە كې- لىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە بوۋاي بىلەن ئوغلى كەلگۈ- چە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، مەززىلىك تاماقلار بىلەن



www.uyghurkitap.com



خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالىدىكەن. ئەمما مەلىكە ھەرگىز زوۋان سۈرمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ بىلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى مەلىكە مىھراي تۇيۇقسىزلا: «ئەي بوۋا، ئوغلىڭىزغا دىسىڭىز، مېنى ئەمرىگە ئالسا» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ھەيران بولۇپ: «ئەي قىزىم، مەن قول ئىلكىمدە يوق كەمبەغەل بىلىقچىمەن. سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگۇدەك بىساتىم يوق» دەپتۇ.

مەلىكە بوۋاينىڭ غەم ـ قايغۇسىنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال:

— بوۋا، ئۇنداق دىمەڭ، سىلەر نىمە كىيسەڭلار مەنمۇ شۇنى كىيىمەن، نىمىنى يىسەڭلار مەنمۇ شۇنى يەيمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئوغلى بىلەن مەلىكىنى ئاددىي ـ ساددا توي قىلىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مىھراي قۇلىقىدىكى ھالقىسىنىڭ بىر پىيىنى بوۋايغا بىرىپ:

— مۇشۇ ھالقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سىتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.



بوۋاي مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە شەھەرگە كىرىپ، ھېلىقى ھالقىنى يېنىدىن چىقىرىشىغا نۇرغۇن كىشى بوۋاينى ئارىغا ئېلىپ: «بۇنداق گۆھەر ھالقا

پەقەت پادىشاھنىڭ سارىيىغا لايىق ئىكەن» دەپ ھالقىنى ماختى-
شىپ سودىدا تالىشىشقا باشلاپتۇ. دەسلەپ ئون تىللا دەپتۇ. كې-
يىن يۈز تىللا دەپتۇ، ئاخىرى مىڭ تىللاغا چىقىپتۇ. بوۋاي مىڭ
تەسلىكتە ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، مىڭ تىللانى قوينىغا سې-
لىپ خۇشال ـ خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ. مەلىكە، بوۋايدىن ئەھۋال-
نى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ. مەلىكە ئەنە شۇ مىڭ تىللاغا تامچى، يا-
غاچچى، نەققاشچى ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنى چاقىرىپ دەريانىڭ
قىرغىقىغا، خۇددى دادىسىنىڭ تەختىگە ئوخشاش راۋاق سالدۇ-
رۇپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ رەسمىنى دەرۋازىنىڭ تۆپىسىگە چاپلاپ قو-
يۇپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلى-
كىنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھېلىقى پادى-
شاھ، مەلىكىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا
دەرۋازىغا مەلىكە مېھرايىنىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق تۇرغۇدەك، شۇ-
نىڭ بىلەن پادىشاھ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ،
دەرۋازىۋەنگە يېلىنىپ: «بۇ مەلىكە مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ
كەتكەن، مەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتىم. مېنى كىرگۈ-
زۈۋەتسەڭلار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن دەرۋازىۋەن: «سەن كىم؟ بىز
سېنى تونۇمايمىز» دەپ كى-
رىشكە رۇخسەت قىلماپتۇ.
بىراق پادىشاھ ھەيۋە قىلىپ
قىلىچ ئويناتقىلى باشلاپتۇ.
مەلىكە بۇ ئىشتىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن، پادىشاھ-



www.uyghurkitap.com



نىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشاھ كىرىپلا مەلىكىگە: «يۈزۈڭنى ئاچ، سەن مېنىڭ» دەپ قىلىچىنى چىقىرىپتۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ ئادەملىرى چاققانلىق بىلەن پادىشاھنى باغلاپ، پۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى مەلىكە يەنە بىر قۇلىقىدىكى ھالقىنى ساتتۇرۇپ گۈزەل، مەنزىرىلىك بىر شەھەر ياسىتىپتۇ ھەم بۇ شەھەرگە «شەھىرى ئاۋات» دەپ نام قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا بىر مەملىكەت پادىشاھى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ بۇ گۈزەل شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ: «نېمىدېگەن ئۆكتەملىك، مېنىڭ شەھىرىمگە ئوخشاش شەھەر سالدۇرغان زادى كىم؟ ...» دەپ خاپا بوپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ مەلىكىگە ئاشىق بىقارار بوپتۇ ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەمما مەلىكە بۇ پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، پادىشاھنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپلا: «مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتىسىز...» دەپتۇ. مەلىكە دەرھال: «مېنىڭ ئېرىم بار» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «مەن بىر پادىشاھ تۇرۇقلۇق سېنى ئەمرىمگە ئالالمايمەنمۇ؟» دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ. مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھتىن:



— شاھىم، سىلىنىڭ نەچچە خوتۇنلىرى باركىن؟

— دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ كۆرەڭلىك بىلەن:

— يۈز خوتۇنۇم بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەلىكە:

— تەقسىر، سىلىنىڭ يۈز خوتۇنلىرى تۇرۇقلۇق، شۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرى پادىشاھنىڭ پۇت-قوللىرىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئەل-جامائەت مەلىكىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

مەلىكە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇن توپلاپ دادىسىنىڭ شەھىرىگە ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىنىڭ قوشۇنى دادىسىنىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، دادىسى ئۆزىگە قارشى قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلار قايسى پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقىلى قوشۇن چىقىرىپتۇ. لېكىن ئۇلار تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بوپتۇ. شەھەردە پادىشاھقا يار-يۆلەك بولغۇدەك بىرەرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئېرىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن ھېلىقى زىندانغا تاشلانغان ئىككى پادىشاھنىڭ شەھە-



www.uyghurkitap.com



رىنىمۇ ئىشغال قىلىپتۇ. ئاخىرى مەلىكە ئۆزى «شەھىرى ئاۋات»قا، ئېرى ھېلىقى ئۈچ شەھەرگە كىرىپ پادىشاھ بولۇپ، ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان بولۇپ، مەملىكەت قۇدرەت تېپىپتۇ، خەلق بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكتىنمۇ تولۇق رازى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ بوۋىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇ چۆچەكنىڭ تەسىر قىلىدىغان يېرى شۇكى، كۆرەڭ پادىشاھ يۇرتنى ئادىل سوراشنىڭ ئورنىغا، نەدىكى يوقىلاڭ ئىشلار سەۋەبلىك ۋەزىرىنى بىر بالاغا دۇچار قىلىدۇ. بۇنىڭغا ۋىجدانى چىدىمىغان مەلىكە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى، ئۆلۈم تەھدىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىردا زالىم پادىشاھنى يوقىتىپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. بۇ چۆچەك ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى جايىدا ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەق بىلەن ناھەق ئېنىق ئايرىلغان چۆچەك ئىكەن. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۇ بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىزگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك.



— توغرا دېدىڭ جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ تېتىملىق پىكىرلىرىدىن سۆيۈنۈپ، — ھەق - ئادالەتنى ياقلاش، ئادىمىيلىك پەرىز-

سىپىدا چىلىڭ تۇرۇش، ۋىجدان ـ غۇرۇرى بىلەن ياشاش خەلقىمىز ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ھايات مىزانلىرىدىن ئىبارەت. بۇ چۆچەكتە مانا مۇشۇ ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

— بوۋا، مەن بۇ چۆچەك ھەققىدە بىر تەسىرات يازماقچى بولۇۋاتىمەن! — دېدى بىلقۇتجان.

— مەن سىزنى قوللايمەن بالام، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى باغرىغا چىلىڭ بېسىپ تۇرۇپ، — تېخىمۇ تىرىش، تېخىمۇ ئالغا باس. مانا مەن ساڭا مەدەتكار بولىمەن.

— ماقۇل، بوۋا!

— ئەمىسە، يەنە بىر چۆچەككە قۇلاق سال، بالام!



# شاھزادە بىلەن مەلىكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەھمۇت ئاتلىق يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. مەھمۇت بالاغەتكە يەتكەندە پادىشاھ ئۇنىڭغا باشقا بىر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ مەلىكە دۇنيادا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن بىلەلەيدىكەن. پادىشاھ ناھايىتى مەرد ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ھويلىدا تۇرسا، بىر قەلەندەر «ھەق دوست!» دەپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ خەزىنىچىسىنى بىر لىگەن ئالتۇن ئەپچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى قەلەندەر يەنە كەپتۇ. پادىشاھ سەدىقە ئۈچۈن ئالتۇن بېرىپتۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ سەھەردىلا ھېلىقى قەلەندەر كەلگەن ئىكەن، پادىشاھ يەنە ئالتۇن تەڭلەپتۇ. بىراق قەلەندەر ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:



— ھەي قەلەندەر، نەچچە كۈندىن بېرى ئالتۇن بەرسەم ئالىسەن، بۈگۈن نېمىشقا ئالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قەلەندەر:

— سەۋەبىنى دەي دې-

سەم بىشمدىن قورقمەن، ـــ دەپتۇ. پادشاھ:

ـــ گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم! ـــ دەپتۇ. قەلەندەر:

ـــ ئى پادشاھى ئالەم، ئۆزلىرىنى تولىمۇ سېخىي كىشى
دەيدۇ، شۇڭا پادشاھلىقلىرىنى يەتتە كۈن بىرىپ تۇرغان بول-
سىلا، ـــ دەپتۇ. پادشاھ بىردەم ئويلىنىپ مەردلىك بىلەن:

ـــ بولىدۇ، ـــ دەپتۇ.

قەلەندەر پادشاھنىڭ تاجىنى كىيىپ، تەختكە چىقىپ خەزى-
نىدىكى ئالتۇنلارنى خەلققە تارقىتىپ بىرىپتۇ. ئالتە كۈن بول-
غاندا، خەزىنىدىكى دۇنيانىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ. قەلەندەر پۈتۈن
خەلقنى بىر يەرگە يىغىپ:

ـــ مەن يەتتە كۈنلۈك پادشاھ بولغان. ئەتە پادشاھلىقنى
ئۆتكۈزۈپ بىرىمەن. سىلەر قانداق قارايسىلەر! ـــ دەپ مەسلىھەت
ساپتۇ. كىشىلەر بىردەك:

ـــ بىز ئادىل پادشاھقا ئەمدى ئېرىشتۇق، سىز بىزگە مەڭ-
گۈ پادشاھ بولۇڭ! ـــ دەپتۇ. قەلەندەر:

ـــ ئۇنداقتا، كونا پادشاھنى قانداق قىلىمىز؟ ـــ دېگەن
ئىكەن، پۈتۈن خەلق:

ـــ دارغا ئاسىمىز! ـــ
دەپتۇ. پادشاھنىڭ بىر ۋە-
زىرى ئۇنىڭ قېشىغا كى-
رىپ:

ـــ ھەي ئەخمەق پادى-
شاھىم، بىر قەلەندەرگە پا-



دىشاھلىقىڭىزنى بەردىڭىز. ئۇ خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيانى چېچىپ تۈگەتتى. ئەتە سىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى، ــ دەپتۇ. پا ـ دىشاھ قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆكۈپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندا، ھېلىقى ۋەزىرى:

ــ ئەمدى سىلىگە بۇ شەھەردە تۇرۇشقا ئىمكان يوق، قېچىپ كەتمىسىلە بولمايدۇ، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ قېچىپ ـ تۇ. تاڭ ئاتقىچە بىر نەچچە كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ بولۇپتۇ. كەچ كىرگەندە بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئاتلىرىنىڭ تېرىسى بىلەن ئۇستىخانلىرىلا تۇرغۇدەك. پادىشاھ: بىزگە كەلگەن ئىرادە مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۈدۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئايلاپ يول يۈرۈپ، مەلۇم بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا كې ـ لىپ قاپتۇ. دەريا ناھايىتى كەڭ بولۇپ، سۈيى ئۇلۇغ ئىكەن. ئۇلار ئامالسىز دەرياغا كىرىپتۇ. دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بار ـ غاندا سۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئېقىپ كې ـ تىپتۇ. مەھمۇت ۋە مەلىكە ئامان قاپتۇ. ئۇلار بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلەپ، مىڭ تەستە دەريادىن ئۆتۈپتۇ.



ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاي ـ رىلغان مەھمۇت بىلەن مە ـ لىكە قىرغاقتا تۇرۇپ دەريا ـ غا قاراپ زار ـ زار يىغلى ـ

شىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى پادىشاھ بىلەن خانىشقا كېلەيلى. خانىش ئېقىپ بې-رىپ بىر بېلىق تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بېلىقچى خانىشنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئەھۋاللىشىپتۇ. ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سىزگە پادىشاھنى تېپىپ بېرەي، — دەپ خانىشنى بىر ساندۇققا سېلىپ شەھەرمۇ شەھەر مېڭىپتۇ.

پادىشاھ دەريانىڭ بىر يېقىدىن چىقىپ، ھوشىغا كېلىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ئاندىن بالا - چاقىلىرىنى ئىزدەپ، دەريانىڭ ئې-قىنىنى بويلاپ راۋان بولۇپتۇ.

مەھمۇت بىلەن مەلىكە ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بى-رىدە مەلۇم بىر شەھەرگە كېلىپ سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى يوق بولغاچقا، مەھمۇت خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە:

— نىمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەھمۇت:

— يېگىلى نان، خەجلىگىلى پۇل يوق. شۇڭا غەم قىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇم، — دەپتۇ. مەلىكە يانچۇقىنى ئاختۇر-غان ئىكەن، بىر تىللا چىقىپتۇ. ئۇ پۇلنى مەھمۇتقا بېرىپ:



— ئەتە بۇ پۇلغا بازار-دىن بىر گەز ئاق شايى، قىز-رىق بىر خىل يىپ، ئاشقان پۇلغا يەيدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

ئەتىسى مەھمۇت مەلد-

www.uyghurkitap.com



كىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپتۇ. مەلىكە كىچىك چېغىدا چۈشىدە پە-رىزات كۆرگەن، ئۇنىڭدىن ياغلىق توقۇشنى ئۆگىنىۋالغان ئى-كەن. ئۇ ياغلىق توقۇشنى باشلاپتۇ. ئەتىسى مەھمۇت ئويغىنىپ قارىسا، يېنىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر ياغلىق تۇرغۇدەك، مەلىكە ئۇنىڭغا:

— سىز بۇنى بازارغا ئېلىپ بېرىڭ. ياغلىقنى مىڭ تىللاغا سېتىڭ. پۇلغا بىر گەز شايى بىلەن قىرىق بىر خىل يىپ، يەي-دىغان نەرسە ئېلىپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

مەھمۇت بازارغا بېرىپ ياغلىقنى بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ ياغلىقنى كۆرۈپ «قانداق ئادەم توقۇغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پادىشاھنىڭ قو-لىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ بېرىپ قارىسا، شۇنداق چىرايلىق ياغ-لىق.

— ھەي، بۇ ياغلىقنى كىمدىن ئالدىڭ! — دەپ سوراپتۇ پا-دىشاھ.

— ھازىرلا بىر يىگىتتىن ئالدىم ـ !دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى سودىگەر. پادىشاھ ئۇنىڭغا:



— ئۇ يىگىت قايتا كەلسە، مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ بار، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مەلىكە يەنە بىر ياغلىق توقۇپتۇ. ئەتىسى مەھمۇت

ياغلىقنى ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا، بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان پادىشاھ ۋەزىرلىرى ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ياغلىقنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

— مىڭ تىللا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەھمۇت.

— بۇ ياغلىقنى كىم توقۇغان؟

— ئايالىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— خىزمەت بېرەي، قىلامسەن؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، مەھمۇت دەرھال:

— ئايالىمدىن سوراپ كېلەي، — دەپ قايتىپتۇ.

مەلىكە ئۆيگە ھالى پەرىشان كىرىپ كەلگەن مەھمۇتتىن ئەھۋال سورىغان ئىكەن. ئۇ بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، سىز بېرىپ خىزمەت قىلىڭ! — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى ھويلا سۈپۈرۈپ تازىلايدىغان، ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدىغان ئىشقا قويۇپتۇ. يىگىت شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى خەزىنىچىلىككە تەيىنلەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، ئۆيدىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئوردىدا ئولتۇرۇڭ! — دەپتۇ.



مەھمۇت مەلىكە بىلەن

www.uyghurkitap.com



مەسلىھەتلىشىپ، ئوردىغا كۆچۈپ كەپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى كۆ- رۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماپتۇ.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىغا بىر قەلەندەر كەپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەھمۇت سەدىقە ئۈچۈن ئالتۇن بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلەندەر پات - پات كېلىدىغان بولۇۋاپتۇ. مەھمۇتمۇ ئۇنى ئالتۇن بېرىپ يولغا ساپتۇ. بىر كۈنى بۇ قەلەندەر يەنە كەل- گەنىكەن، مەھمۇد قەلەندەرنى چىۋىق بىلەن بىر سالغان ئىكەن، قەلەندەر شۇئان بىر ئالمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يىگىت ھەيرانلىق ئىلكىدە ئالمىنى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. مەلىكە ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئايال- چە كۆڭلەك چىقىپتۇ. بۇ كۆڭلەك شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنى كىيگەن كىشى كارامەت گۈزەل بولۇپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرى «سەيلە قىلساق» دەپ ئوردىغا كىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ ۋە ۋەزىرلىرىگە:

— ھەممىڭلار خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۆزىمۇ قىرىق خوتۇنىنى ئېلىپ سەي- لىگە چىقىپتۇ. مەھمۇت مەلىكىنى بىرگە ئېلىپ بارمىغان ئى- كەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:



— ئەي يىگىت، سەنمۇ خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. مەھ- مۇت مەلىكىگە ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ماشار چاغدا

مەھمۇت مەلىكىگە:

— ئالمىدىن چىققان ھېلىقى كۆزىلەكنى كىيىۋېلىڭ! — دەپ
تۇرۇۋاپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، كۆزىلەكنى ئۆز
قولى بىلەن كىيدۈرۈپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى مەلىكىنىڭ كۆزىلىكىنى كۆرۈپ
كۆزلىرىنى ئۇزەلمەي قاپتۇ. بۇ چىرايلىق كۆزىلەكنى پادىشاھ ئې-
لىپ بەرگەن بولسا كېرەك، بۇ ئايال بىلەن پادىشاھنىڭ چوقۇم
بىرەر ئىشى بار. بولمىسا، بۇنداق چىرايلىق كۆزىلەكنى نەدىن تا-
پالايدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. كەچتە ئوردىغا قايتقاندا، خوتۇنلار پادىشاھ-
نى ئارىغا ئېلىپ «بىزگىمۇ ئاشۇنداق كۆزىلەكتىن ئېلىپ بېرى-
سەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ مەھمۇتنى چاقىرىپ:

— ئەي يىگىت، ئايالىڭ كىيگەن كۆزىلەكتىن ماڭا قىرىقنى
كەلتۈر! بولمىسا بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. مەھمۇت غەم-
قايغۇغا پاتقان ھالدا ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

— مەن باشتىلا كىيمەي دېسەم، سىز ئۇنىمىدىڭىز، ئەمدى
سىز پادىشاھقا قىرىق كۆزىلەك تېپىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ-
نىڭغا بىر ئامال قىلىپ كۆرەي... — دەپتۇ ۋە قىرىق كۆزىلەكنى
ئېلىپ كەلگىچە بولىدىغان
ئىشلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ
تۇرۇپ دەپ بېرىپتۇ:



— ئەي سۆيۈملۈكۈم،
بۇ يەردىن ئون تۆت يىل
ماڭسىڭىز، بىر چۆلگە با-

www.uyghurkitap.com



رىسىز. ئۇ يەردە بىر جادۇگەر بار. ئۇ «هەي يولۇچى، مەيەرگە كەل، نان يە، قىتىق ئىچ» دەيدۇ، سىز «قىتىق ئىچمەيمەن، سۇ ئىچەي» دېسىڭىز، ئۇ ئۆيگە ماڭىدۇ. سىزمۇ ئارقىسىدىن مېڭىڭ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭىزغا داستىخان سالىدۇ. سىز نان يەپ، سۇ ئىچىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇڭ. جادۇگەر ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ بىر يەرنى باسىدۇ. شۇ هامان يەتمىش ئىككى خىل نەغمە ئاڭلىنىدۇ. جادۇگەر پەرىزات تۇسىگە كىرىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ. بېشىڭىزنى هەرگىز كۆتۈرمەڭ. بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراپ قالىدىغان بولسىڭىز، جادۇگەرگە تۇتۇلغىنىڭىز شۇ. بۇ ئىش بىر نەچچە رەت داۋاملىشىدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ. ئاخىرى جادۇگەر «هەي ئادەم، سەن مېنىڭ سىرىمنى قانداق بىلىپ قالدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. سىز بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، قالغىنىنى جادۇگەر ئۆزى بىلىدۇ.

مەهمۇت يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئوردىغا كىرىپ پادىشاهقا ئۆزىنىڭ كۆڭلەكنى يىگىرمە سەككىز يىلدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇزۇق ـ تۈلۈك راسلاپ بىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.



پادىشاه راسخوتلارنى هەل قىلىپ بېرىپ مەهمۇتنى يولغا سايتۇ.

پادىشاه مەهمۇتنى يولغا سالغاندىن كېيىن هەر كېچىسى مەلىكىنىڭ ئۆيىگە

بارىدىكەن. مەلىكە پادىشاھنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلىرىغا پەرۋا قىلماپتۇ. ئىشىكنى زادىلا ئاچماپتۇ.

مەھمۇت تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن جەبىر ـ جا ـ پالارنى تارتىپ، ئۇن تۆت يىل يول يۈرۈپ، بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. بۇ يەردە بىر جادۇگەر بار ئىكەن. ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، بىر قاچا قېتىقنى بىر ناننى ئىلەشتۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئەي يولۇچى، مەيەرگە كېلىپ بىر ئاز تاماق يەۋېلىڭ! ــ دەپتۇ. مەھمۇت:

ــ مەن قېتىق ئىچمەيمەن، سۇ ئىچەي، ــ دەپتۇ.

جادۇگەر سۇ ئالغىلى ئۆيگە ماڭغان ئىكەن، مەھمۇتمۇ ئار ـ قىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يىگىت سۇ بىلەن ناننى يەپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. جادۇگەر بىر يەرنى باسقان ئىكەن، يەتمىش ئىككى خىل مۇزىكا ئاڭلىنىپتۇ ۋە جادۇگەر پە ـ رىزاتقا ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. مەھمۇت يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. پەرىزات سۈرىتىگە كىرگەن جادۇگەر ھەر خىل ياسىنىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ـ تۇ. مەھمۇت بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن جادۇگەر:



ــ ئەي ئادەم، سەن دانىشمەن ئىكەنسەن. مېنىڭ سىرىمنى قانداق بىلىۋال ـ دىڭ؟ كىم ئېيتىپ بەردى؟

ــ دەپ سوراپتۇ. مەھمۇت:

— مەلىكەم دەپ بەرگەن، — دەپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادۇگەر:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ياردەم قىلاي، مەن ساڭا گىلەم-دىن بىرنى بېرىمەن. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە نەچچە يىللىق يولنى باسالايدۇ. سەن ئالدى بىلەن سەنۇبەرخان پادىشاھنىڭ شە-ھىرىگە بارىسەن. ئۇ يەردىكى بىر تاختايغا: «كىم سەنۇبەرخان ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلايمەن دېسە، ئېيتىپ بولۇپ كاللىسىنى ئالىمەن!» دىگەن خەت يېزىلغان. سەن ئۇردا ئىشىكى ئالدىغا بې-رىپ ياساۋۇللارغا «مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ كەل-دىم» دەيسەن. ياساۋۇل سېنىڭ پىكرىڭنى پادىشاھقا يەتكۈزسە، ئۇ «كىرسۇن» دەيدۇ. سەن كىرگەندىن كېيىن راۋاقنىڭ ئۈستىگە ھاۋارەڭ گىلەمنى سېلىپ ئولتۇرىسەن. پادىشاھ ھېكايىنى ئېيت-تىپ بولۇپ، «جاللات!» دەپ ۋاقىرايدۇ. شۇ چاغدا سەن «ئۇچ گى-لەم!» دېسەڭ، گىلەم سېنى بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا سەنۇبەرخان پا-دىشاھنىڭ قىزىنىڭ شەھىرىگە ئاپىرىپ، قىزنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرىدۇ. ئىشىكتە «كىم سەنۇبەرخان ھەققىدىكى ھېكا-يىنى ئاڭلىغان بولسا، مەن قوبۇل قىلىمەن» دىگەن خەت يېزىل-غان. سەن «ھېكايىنى مەن ئېيتىپ بېرىمەن» دېسەڭ، قىز سېنى قوبۇل قىلىدۇ، كىرىپ قىزنى ئەمرىگە ئا-لىسەن. ئۇ سېنى بەزى نا-توغرا يوللارغا باشلايدۇ. شۇ



چاغدا سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قارا مۈشۈكنىڭ بوينىدىكى قىرىق ئاچقۇچنى ئېلىپ قىرىق ئۆينى ئاچ. ھەر ئۆيدە بىردىن ئالما بار. شۇ ئالمىلارنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەل! — دەپتۇ.

مەھمۇت جادۇگەرنىڭ دېگىنى بويىچە يولغا راۋان بولۇپتۇ ۋە سەنۇبەرخان پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ:

— مانا بۇ قەپەستىكى مېنىڭ خوتۇنۇم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پادىشاھ، — بۇرۇن مېنىڭ ئىككى ئېتىم بار ئىدى. بىر كۈنى قارىسام بىرسى يوق. ئات باقاردىن سورىسام «ئايالىڭىز مىنىپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى مىنىپ سىرتقا چىقىدۇ. نەگە بېرىشىنى بىلەلمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بىر كېچىسى ئايالىم بىلەن بىرگە ياتتىم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام ئۇ يوق، تالاغا چىقتىم. ئۇ ئاتقا مىنىپ كېتىپ بارىدۇ. مەن ئات بىلەن ئارقىدىن قوغلىدىم. ئۇ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. مەن ماردسام، ئۆڭكۈردە قىرىق قاراقچى بار ئىكەن. ئايالىم ئۆڭكۈرگە كىرىشى بىلەن تەڭ قاراقچىلار ئۇنى «ھەي پاسكىنا، نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمەيسەن؟» دەپ تىللاپ كەتتى. ئايالىم «ئېرىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كەلدىم» دەپ قاراقچىلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىن سۆيۈپ چىقتى. شۇ يوسۇندا تۇرسام بىر قاراقچى ئۆڭكۈردىن چىقتى. ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com



بېشىنى ئالدىم. ئۆڭكۈردىن بىر ـ بىرلەپ چىققان قاراقچىلارنىڭ
بېشىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، ئوتتۇز توققۇزنى ئۆلتۈردۈم. ئا ـ
خىرقى بىر قاراقچى مېنى تۇيۇپ قالدى. ئىككىمىز قاتتىق ئې ـ
لىشتۇق. شۇ چاغدا ئايالىم مېنىڭ ئايىغىمغا تېرىق چېچىۋەتتى.
مەن يىقىلدىم. مەن بىلەن بىللە ئەگىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرگەن
ئېتىم ھېلىقى قاراقچىنى چىشلەپ يىقىتتى. ئۇنىڭمۇ بېشىنى
ئالدىم. بۇنى كۆرۈپ ئايالىم قاچتى. قوغلاپ بېرىپ تۇتتۇم. ئۆل ـ
تۈرەي دېسەم ئىچىم ئاغرىپ قايتۇرۇپ كەلدىم. شۇندىن بېرى ئۇ ـ
نىڭغا ئىتتىن ئاشقان تاماقلارنى بېرىپ، مۇشۇ قەپەسكە سولاپ
كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ھېكايەم شۇ.

پادىشاھ ھېكايىنى تۈگىتىپلا جاللاتنى چاقىرىپتۇ. مەھمۇت
«ئۈچ گىلىمىم!» دەپ ئۈچۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە، پادىشاھنىڭ
قىزىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. مەھمۇت پادىشاھنىڭ ھېكايىسىنى
ئېيتىپ بېرىپ، قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. قىز ئۇنى ناتوغرا ئىشقا
باشلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قارا
مۈشۈكنىڭ بويىنىدىكى ئاچقۇچلارنى ئاپتۇ. ئۆيلەرنى ئېچىپ، ئال ـ
مىلارنى ئېلىپ، جادۇگەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. جادۇگەر



ھېلىقى ئۈچار گىلەمنى
مەھمۇتقا مەڭگۈلۈككە سوۋ ـ
غا قىلىپتۇ. مەھمۇت ئۈچار
گىلەم بىلەن ئۆز شەھىرىگە
يېتىپ كەپتۇ. قىرىق ئالمى ـ
نى يارغان ئىكەن، ئىچىدىن



مەلىكىنىڭكىگە ئوخشاش قىرىق كۆڭلەك چىقىپتۇ. بۇنى پادىشاھنىڭ قىرىق ئا-يالى كىيىپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. مەھمۇت بىلەن مەلىكە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ. مەلىكە:

— سىز كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ ھەر كۈنى كەچتە ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېلىپ مېنى ئۇخلاتمىدى. مەنمۇ ئۇخلىمىدىم، — دەپ يىغلاپتۇ. مەھمۇت ئۇنىڭغا:

— بىز ئەتە سەنۇبەرخان پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ شەھىرىگە كېتەيلى! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. مەلىكە ماقۇل بولۇپتۇ. ئە-تىسى ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ:

— ئەي زالىم پادىشاھ، سەن مەن كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ تۇر، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دەپ پادى-شاھقا ئېتىلىپتۇ مەھمۇت.



پادىشاھنىڭ ياساۋۇللى-رى كۆپ بولغاچقا، مەھمۇت پادىشاھنى ئۆلتۈرەلمەي قاپ-تۇ. ئاخىرى ئۇچار گىلەم بىلەن ئۇچۇپ چىقىپ كې-تىپتۇ. مەھمۇت ھېلىقى



شەھەرگە بېرىپ پادىشاھ بو-
لۇپتۇ ۋە جادۇگەر بىلەن بې-
رىش-كېلىش قىلىشىپ
تۇرۇپتۇ. مەمۇت پادىشاھ
بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ-
تۇ. ۋەزىرلەر بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ ئەسكەر توپلاپ
مەلىكىگە يامان نىيەتتە بولغان ھېلىقى پادىشاھنىڭ شەھىرىگە
ھۇجۇم قىلىپتۇ ۋە پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئازاد قىلىپتۇ.

بىر كۈنى مەمۇت بازاردا كېتىپ بارسا، بېلى مۈكچەيگەن بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئادەم ئاتىسىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. گەپ سوراپ باقسا، بۇ كىشى ئۇنىڭ ئاتىسى بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار يىغا-زار قىلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئوردىغا بىر ئادەم بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئۇ كىشى:

— پادىشاھى ئالەم، مەندە شۇنداق بىر ئامانەت بار ئىدى. ئۇزۇن يىل بولدى. ساقلاپ كەلدىم. بۇنى ئەمدى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دەپ ساندۇقنى بېرىپتۇ.



پادىشاھ ساندۇقنى ئۆي-
نىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ



قويۇپتۇ. كېچىسى ئاتا ـ بالا ئىككىسى باشلىرىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرسا، ساندۇقتىن «بالام، مەن بۇ يەردە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئانىسى تۇرغۇدەك. ئۇلار يىغلاپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئېقىپتۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىشىپتۇ.

ئاندىن ئۇلار ئەسكەر توپلاپ قەلەندەر پادىشاھ بولۇۋالغان شەھەرگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. شۇنىدىن كېيىن ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆز شەھىرىنى ئادىل سوراپ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياجانلانغىنىدىن ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. چۈنكى، بۇ چۆچەكتە ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋەقەلىكلەر، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تىلسىملار، خىيالىي تەسەۋۋۇرلارغا تولغان تەسۋىرلەر تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇنداق تەسۋىرلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان



www.uyghurkitap.com





ئىدى.

— بوۋا، بۇ چۆچەكتىكى سېرلىق ئالما، ئۈچار گىلەم، يەنە باشقا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تىلسىملىق دۇنيا مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. مەن خۇددى كارتون فىلىملىرىدىكى بەزى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندەك، خۇددى شۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ ھاياجىنىم ھازىرچە بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس.

— ئەي ئەقىللىق قوزام! ئەھۋال دەل سەن ئېيتقاندەك، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — بۇ چۆچەكتىكى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان تەسۋىرلەر شۇنچە مەپتۇن قىلارلىقكى، مەنمۇ بۇنى قانداق تىل بىلەن ئىپادىلەشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. سىرلىق ئالما، ئۈچار گىلەم تەسۋىرلىرى ئادەمنى ئېخىمۇ لال قىلىدۇ...

بىلقۇتجان تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك:



— ھە، راست بوۋا! مەن نۇرغۇن چۆچەكتىن ئۈچار گىلەم ھەققىدە ئاڭلىدىم، ئەمما بۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشەنچەم يەنىلا خىرە. سىز ماڭا ئۈچار گىلەم ھەققىدە

سۆزلەپ بېرىڭە! — دېدى ئەركىلەپ.

مۆھتەرەم بوۋاي سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەقىللىق قوزام! دەرۋەقە چۆچەكلەردە ئۇچار گىلەم ھەققىدە ناھايىتى كۆپ سۆزلىنىدۇ. ئۇنداقتا ئۇچار گىلەم دېگەن زادى نېمە؟ قەدىمدە ئۇچىدىغان گىلەم بولغانمۇ؟ ئۇچار گىلەم كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇسى دېيىلەتتى. ئەمما يېقىنقى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قەدىمدە ئۇچىدىغان گىلەم بولغانلىقى ۋە ئۇلاردىن بەزى قەدىمىي مەملىكەتلەرنىڭ، پادىشاھلارنىڭ پايدىلانغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىياللار تېپىلدى. ئۇچار گىلەم قانداقتۇر ئاددىي ھالدىكى قولدا توقۇپ قويغان گىلەم بولماستىن، نۇرغۇن ئىلمىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغان، نۇرغۇن مېتال، بىرىكمە ماتېرىياللاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھاۋانىڭ لەيلىتىش كۈچى ئارقىلىق ئۇچالايدىكەن. ھەتتا مىسىردىن ئىراققا، ئىراقتىن سەمەرقەنتكە قاراپ ئۇچقانلىق ھەققىدىكى بەزى دەلىللەرمۇ تېپىلىپ، ھازىرقى ئىنسانلارنى بۇ ھەقتە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىمەكتە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قەدىمدە ئۇچار گىلەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەزىبىر مەلۇم كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. يەنىلا ئۇچار گىلەم تەسەۋۋۇردىكى نەرسە، ئاخىر بۇ تەسەۋۋۇر ئايروپىلاننىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن،



www.uyghurkitap.com



دەپ قارايمىز. بۇ ھەقتە، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋالساڭ يېتەرلىك، بالام!

— مەن ئەمدى ئۇچار گىلەمنى ياخشى چۈشىنىۋالدىم، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

— جېنىم بالام، مەلىكىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلىرىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ قالدى، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئاخىردا، — ئەتىدىن باشلاپ باشقا تېمىلاردا يەنە چۆچەك سۆزلەپ بېرىمەن، شۇ چاغدا يەنە كەڭتاشا پىكىرلىشىمىز، ماقۇلمۇ؟

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.



كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن

لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام)
مەخمۇتجان (رەسسام)

نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 2.5

نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-900511-10-2

باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)